ئابدۇللەھەد ئۆمەر قۇتلۇق

# 99 ئىسمنىڭ ئىزاھاتى

# شَرْحُ الْأَسْمَاءِ الْحُسْنَى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

أَلاَ بِذِكْرِ اللهِ تَطْمَئِنُّ الْقُلُوبُ!

## ئاللاھنىڭ ئىسىم - سۈپەتلىرى توغرىسىدا

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ 99 ئىسىم - سۈپىتى بار كىمكى (مەنىسىنى چۈشىنىپ) يادقا ئالسا، جەننەتكە كىرىدۇ.» ـ سەھىھۇلبۇخارى، سەھىھۇلمۇسلىم، جامىئۇت تىرمىزى، سۇنەنۇ ئىبنى ماجە، مۇسنەدۇ ئەھمەد، سەھىھ ئىبنى ھىببان، سۇنەنۇلھاكىم ۋە سۇنەنۇلبەيھەقىدىن ئېلىندى.

ئابدۇلئەھەد ئەمر قۇتلۇق

# 99 ئىسمنىڭ ئىزاھاتى

(ئابدۇ بىلەن باشلىنىدىغان ئىسملارنىڭ ئىزاھاتى)

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز.............................................1

ئىسىملارنىڭ ئەرەبچە ئوقۇلۇشى..............................1

ئىسىملارنىڭ ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى.............................1

1. أَللهُ (ئەللاھۇ) ........................................1

2. أَلرَّحْمٰنُ (ئەررەھمانۇ)...................................3

3. أَلرَّحِيْمُ (ئەررەھىيمۇ).....................................4

4. أَلْمَلِكُ (ئەلمەلىكۇ).......................................5

5. أَلْقُدُّوْسُ (ئەلقۇددۇسۇ)................................... 6

6. أَلسَّلَامُ (ئەسسەلامۇ)......................................7

7. أَلْمُؤْمِنُ (ئەلمۇئمىنۇ)......................................8

8. أَلْمُهَيْمِنُ (ئەلمۇھەيمىنۇ)...................................8

9. أَلْعَزِيْزُ (ئەلئەزىيزۇ).......................................9

10. اَلْجَبَّارُ (ئەلجاببارۇ)........................................10
11. اَلْمُتَكَبِّرُ (ئەلمۇتەكەببىرۇ)....................................11
12. اَلْخَالِقُ (ئەلخالىقۇ)..........................................12
13. اَلْبَارِئُ (ئەلبارىئۇ)..........................................13
14. اَلْمُصَوِّرُ (ئەلمۇسەۋۋىرۇ)......................................14
15. اَلْغَفَّارُ (ئەلغەففارۇ)........................................15
16. اَلْقَهَّارُ (ئەلقەھھارۇ)........................................16
17. اَلْوَهَّابُ (ئەلۋەھھابۇ)........................................17
18. اَلرَّزَّاقُ (ئەررەززاقۇ)........................................18
19. اَلْفَتَّاحُ (ئەلفەتتاھۇ)........................................19
20. اَلْعَلِيْمُ (ئەلئەلىيمۇ)........................................20
21. اَلْقَابِضُ (ئەلقابىزۇ)..........................................21
22. اَلْبَاسِطُ (ئەلباسىتۇ)..........................................22
23. اَلْخَافِضُ (ئەلخافىزۇ)..........................................23

24. أَلْرَّافِعُ (ئەررافىئۇ)........................24
25. أَلْمُعِزُّ (ئەلمۇئىززۇ)........................25
26. أَلْمُذِلُّ (ئەلمۇزىللۇ)........................26
27. أَلْسَّمِيْعُ (ئەسسەمىيئۇ)........................27
28. أَلْبَصِيْرُ (ئەلبەسىيرۇ)........................28
29. أَلْحَكَمُ (ئەلھەكەمۇ)........................29
30. أَلْعَدْلُ (ئەلئەدلۇ)........................30
31. أَلْلَّطِيْفُ (ئەللەتىيفۇ)........................31
32. أَلْخَبِيْرُ (ئەلخەبىيرۇ)........................32
33. أَلْحَلِيْمُ (ئەلھەلىيمۇ)........................33
34. أَلْعَظِيْمُ (ئەلئەزىيمۇ)........................34
35. أَلْغَفُوْرُ (ئەلغەفۇۇرۇ)........................35
36. أَلْشَّكُوْرُ (ئەششەكۇۇرۇ)........................36
37. أَلْعَلِيُّ (ئەلئەلىييۇ)........................37

38. أَلْكَبِيْرُ (ئەلكەبىيرۇ) ........................ 38
39. أَلْحَفِيْظُ (ئەلھەفىيزۇ) ........................ 39
40. أَلْمُقِيْتُ (ئەلمۇقىيتۇ) ........................ 40
41. أَلْحَسِيْبُ (ئەلھەسىيبۇ) ........................ 41
42. أَلْجَلِيْلُ (ئەلجەلىيلۇ) ........................ 42
43. أَلْكَرِيْمُ (ئەلكەرىيمۇ) ........................ 43
44. أَلرَّقِيْبُ (ئەررەقىيبۇ) ........................ 44
45. أَلْمُجِيْبُ (ئەلمۇجىيبۇ) ........................ 45
46. أَلْوَاسِعُ (ئەلۋاسىئۇ) ........................ 46
47. أَلْحَكِيْمُ (ئەلھەكىيمۇ) ........................ 47
48. أَلْوَدُوْدُ (ئەلۋەدۇۋدۇ) ........................ 48
49. أَلْمَجِيْدُ (ئەلمەجىيدۇ) ........................ 49
50. أَلْبَاعِثُ (ئەلبائىسۇ) ........................ 50
51. أَلشَّهِيْدُ (ئەششەھىيدۇ) ........................ 51

52. أَلْحَقُّ (ئەلھەققۇ) .............................. 52
53. أَلْوَكِيْلُ (ئەلۋەكىيلۇ) .............................. 53
54. أَلْقَوِيُّ (ئەلقەۋىييۇ) .............................. 54
55. أَلْمَتِيْنُ (ئەلمۇتىينۇ) .............................. 55
56. أَلْوَلِيُّ (ئەلۋەلىييۇ) .............................. 56
57. أَلْحَمِيْدُ (ئەلھەمىيدۇ) .............................. 57
58. أَلْمُحْصِيْ (ئەلمۇھسىيۇ) .............................. 58
59. أَلْمُبْدِئُ (ئەلمۇبدىئۇ) .............................. 59
60. أَلْمُعِيْدُ (ئەلمۇئىيدۇ) .............................. 60
61، أَلْمُحْيِيْ (ئەلمۇھيىيۇ) .............................. 61
62. أَلْمُمِيْتُ (ئەلمۇمىيتۇ) .............................. 62
63. أَلْحَيُّ (ئەلھەييۇ) .............................. 63
64. أَلْقَيُّوْمُ (ئەلقەييۇۋمۇ) .............................. 64
65. أَلْوَاجِدُ (ئەلۋاجىدۇ) .............................. 65

66. أَلْمَاجِدُ (ئەلماجىدۇ) ........................ 66
67. أَلْوَاحِــــدُ (ئەلۋاھىدۇ) ........................ 67
68. أَلصَّمَدُ (ئەسسەمەدۇ) ........................ 68
69. أَلْقَادِرُ (ئەلقادىرۇ) ........................ 69
70. أَلْمُقْتَدِرُ (ئەلمۇقتەدىرۇ) ........................ 70
71. أَلْمُقَدِّمُ (ئەلمۇقەددىمۇ) ........................ 71
72. أَلْمُؤَخِّرُ (ئەلمەئەخخىرۇ) ........................ 72
73. أَلأَوَّلُ (ئەلئەۋۋەلۇ) ........................ 73
74. أَلأَخِرُ (ئەلئاخىرۇ) ........................ 74
75. أَلظَّاهِرُ ........................ 75
76. أَلْبَاطِنُ (ئەلباتىنۇ) ........................ 76
77. أَلْوَالِيُ (ئەلۋالىيۇ) ........................ 77
78. أَلْمُتَــعَــالُ (ئەلمۇتەئالۇ) ........................ 78
79. أَلْبَرُّ (ئەلبەررۇ) ........................ 79

80. أَلتَّوَّابُ (ئەتتەۋۋابۇ) ........................ 80

81. أَلْمُنْتَقِمُ (ئەلمۇنتەقىمۇ) ........................ 81

82. أَلْعَفُوُّ (ئەلئەفۇۋۋۇ) ........................ 82

83. أَلرَّؤُوْفُ (ئەررەئۇفۇ) ........................ 83

84. مَالِكُ الْمُلْك (مالىكۇلمۇلكى) ........................ 84

85. ذُو الْجَلاَلِ وَالإِكْرَام (زۇلجەلالى ۋەلئىكرامى) ........................ 85

86. أَلْمُقْسِطُ (ئەلمۇقسىتۇ) ........................ 86

87. أَلْجَامِعُ (ئەلجامىئۇ) ........................ 87

88. أَلْغَنِيُّ (ئەلغەنىييۇ) ........................ 88

89 أَلْمُغْنِيُ (ئەلمۇغنىيۇ) ........................ 89

90. أَلْمَانِعُ (ئەلمانىئۇ) ........................ 90

91. أَلضَّارُّ (ئەززاررۇ) ........................ 91

92. أَلنَّافِعُ (ئەننافىئۇ) ........................ 92

93. أَلنُّوْرُ (ئەننۇۋرۇ) ........................ 93

94. أَلْهَادِيُ (ئەلهادىيۇ) ........................ 94
95. أَلْبَدِيْعُ (ئەلبەدىيئۇ) ........................ 95
96. أَلْبَاقِيُ (ئەلباقىيۇ) ........................ 96
97. أَلْوَارِثُ (ئەلۋارىسۇ) ........................ 97
98. أَلرَّشِيْدُ (ئەررەشىيدۇ) ........................ 98
99. أَلصَّبُوْرُ (ئەسسەبۇۋرۇ) ........................ 99
قوشۇمچە أَلرَّبُّ (ئەررەببۇ) ........................ 100
بوۋاققا ئىسىم قويۇش تەرتىپلىرى........................ 101
1. بوۋاق تۇغۇلغاندا خوش - خەۋەر يەتكۈزۈش
ھەم مۇبارەكلەش........................ 105
2. ئىغىزلاندۇرۇش........................ 112
3. بوۋاققا ئىسىم قويۇش........................ 113
4. بوۋاقنىڭ ئەقىقىسىنى قىلىش........................ 116
5. بوۋاقنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈش........................ 124

1. بالاغەتكە يەتكەن كىشىلەرنىڭ چاچ شەكلى........132
2. باش كىيىم....................................151
3. چاچ بوياش...................................153
6. بوۋاقنىڭ خەتنىسىنى قىلىش.....................159
پايدىلانغان ھەدىس كىتابلار......................167
پايدىلانغان كىتابلار............................171

# كىرىش سۆز

خەلقىمىز پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويۇشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ.

مەن مەزكۇر كىتابچىدا خەلقىمىز قوللىنىپ كېلىۋاتقان 100 دەك ئىسىمنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى ۋە مەنىسىنى قوشۇپ نەشرگە تەييارلىدىم. ئاتا ــ ئانىلار ئوغۇل بالىلىرىغا ئىسىم قويغاندا ئەللاھنىڭ ئىسىم ــ سۈپەتلىرىنىڭ ئالدىغا «عَبْدُ» (ئەبدۇ، ئابدۇ. تەرجىمىسى قۇل) سۆزىنى قوشۇشى كېرەك. مەسىلەن، ئابدۇرېشىت، ئابدۇراھمان. ئابدۇقادىر قاتارلىقلار.

مەن دەسلەپكى قەدەمدە كىچىككىنە سوۋغات ـ «توقسان توققۇز ئىسىمنىڭ ئىزاھاتى» ناملىق مەزكۇر كىتابچىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم. پىكىر ـ تەكلىپ بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

2002 - يىلى، ئىيۇل، ئۈرۈمچى

## ئىسىملارنىڭ ئەرەبچە ئوقۇلۇشى

اَلْحَدِيْثُ الشَّرِيْفُ: «إِنَّ لِلّٰهِ تِسْعَةً وَّتِسْعِيْنَ إِسْمًا مَنْ أَحْصَاهَا دَخَلَ الْجَنَّةَ – هُوَاللهُ الَّذِىْ لاَاِلٰهَ اِلاَّهُوَ، اَلرَّحْمٰنُ، اَلرَّحِيْمُ، اَلْمَلِكُ، اَلْقُدُّوْسُ، اَلسَّلاَمُ، اَلْمُؤْمِنُ، اَلْمُهَيْمِنُ، اَلْعَزِيْزُ، اَلْجَبَّارُ، اَلْمُتَكَبِّرُ، اَلْخَالِقُ، اَلْبَارِئُ، اَلْمُصَوِّرُ، اَلْغَفَّارُ، اَلْقَهَّارُ، اَلْوَهَّابُ، اَلرَّزَّاقُ، اَلْفَتَّاحُ، اَلْعَلِيْمُ، اَلْقَابِضُ، اَلْبَاسِطُ، اَلْخَافِضُ، اَلرَّافِعُ،

أَلْمُعِزُّ، أَلْمُذِلُّ، أَلسَّمِيْعُ، أَلْبَصِيْرُ،

أَلْحَكَمُ، أَلْعَدْلُ، أَللَّطِيْفُ، أَلْخَبِيْرُ،

أَلْحَلِيْمُ، أَلْعَظِيْمُ، أَلْغَفُوْرُ، أَلشَّكُوْرُ،

أَلْعَلِيُّ، أَلْكَبِيْرُ، أَلْحَفِيْظُ، أَلْمُقِيْتُ،

أَلْحَسِيْبُ، أَلْجَلِيْلُ، أَلْكَرِيْمُ، أَلرَّقِيْبُ،

أَلْمُجِيْبُ، أَلْوَاسِعُ، أَلْحَكِيْمُ، أَلْوَدُوْدُ،

أَلْمَجِيْدُ، أَلْبَاعِثُ، أَلشَّهِيْدُ، أَلْحَقُّ،

أَلْوَكِيْلُ، أَلْقَوِيُّ، أَلْمَتِيْنُ، أَلْوَلِيُّ،

أَلْحَمِيْدُ، أَلْمُحْصِيُ، أَلْمُبْدِئُ، أَلْمُعِيْدُ،

أَلْمُحْيِيُ، أَلْمُمِيْتُ أَلْحَيُّ، أَلْقَيُّوْمُ،

أَلْوَاجِدُ، أَلْمَاجِدُ، أَلْوَاحِدُ، أَلصَّمَدُ، أَلْقَادِرُ، أَلْمُقْتَدِرُ، أَلْمُقَدِّمُ، أَلْمُؤَخِّرُ، أَلأَوَّلُ، أَلآخِرُ، أَلظَّاهِرُ، أَلْبَاطِنُ، أَلْوَالِيُ، أَلْمُتَعَالُ، أَلْبَرُّ، أَلتَّوَّابُ، أَلْمُنْتَقِمُ، أَلْعَفُوُّ، أَلرَّؤُوفُ، مَالِكُ الْمُلْكِ، ذُو الْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ، أَلْمُقْسِطُ، أَلْجَامِعُ، أَلْغَنِيُّ، أَلْمُغْنِيُ، أَلْمَانِعُ، أَلضَّارُّ، أَلنَّافِعُ، أَلنُّوْرُ، أَلْهَادِيُ، أَلْبَدِيْعُ، أَلْبَاقِيُ، أَلْوَارِثُ، أَلرَّشِيْدُ، أَلصَّبُوْرُ. »

— رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ وَابْنُ حِبَّانَ وَالْحَاكِمُ وَالْبَيْهَقِيُّ.

# ئىسىملارنىڭ ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى

«ھۇۋەللاھۇللەزى لائىلاھە
ئىللاھۇۋە، ئەررەھمانۇ، ئەررەھىيمۇ، ئەلمەلىكۇ،
ئەلقەددۇسۇ، ئەسسەلامۇ، ئەلمۇئمىنۇ،
ئەلمۇھەيمىنۇ، ئەلئەزىيزۇ، ئەلجەببارۇ،
ئەلمۇتەكەببىرۇ، ئەلخالىقۇ، ئەلبارىئۇ،
ئەلمۇسەۋۋىرۇ، ئەلغەففارۇ، ئەلقەھھارۇ،
ئەلۋەھھابۇ، ئەررەززاقۇ، ئەلفەتتاھۇ،
ئەلئەلىيمۇ، ئەلقابىزۇ، ئەلباسىتۇ، ئەلخافىزۇ،
ئەررافىئۇ، ئەلمۇئىززۇ، ئەلمۇزىللۇ،
ئەلسسەمىئۇ، ئەلبەسىيرۇ، ئەلھەكەمۇ،
ئەلئەدلۇ، ئەللەتىيفۇ، ئەلخەبىيرۇ،

ئەلھەلىمۇ، ئەلئەزىمۇ، ئەلغەفۇۋرۇ،

ئەششەكۇۋرۇ، ئەلئەلىيۇ، ئەلكەبىرۇ،

ئەلھەفىزۇ، ئەلمۇقىتۇ، ئەلھەسىبۇ،

ئەلجەلىلۇ، ئەلكەرىمۇ، ئەررەقىبۇ،

ئەلمۇجىبۇ، ئەلۋاسىئۇ، ئەلھەكىمۇ،

ئەلۋەدۇۋدۇ، ئەلمەجىدۇ، ئەلبائىسۇ،

ئەششەھىدۇ، ئەلھەققۇ، ئەلۋەكىلۇ،

ئەلقەۋىيۇ، ئەلمەتىنۇ، ئەلۋەلىيۇ،

ئەلھەمىدۇ، ئەلمۇھسىيۇ، ئەلمۇبدىئۇ،

ئەلمۇئىدۇ، ئەلمۇھيىيۇ، ئەلمۇمىتۇ،

ئەلھەيىيۇ، ئەلقەييۇۋمۇ، ئەلۋاجىدۇ،

ئەلماجىدۇ، ئەلۋاھىدۇ، ئەسسەمەدۇ،

ئەلقەدىرۇ، ئەلمۇقتەدىرۇ، ئەلمۇقەددىمۇ،

ئەلمۇئەخخىرۇ، ئەلئەۋۋەلۇ، ئەلئاخىرۇ،
ئەززاھىرۇ، ئەلباتىنۇ، ئەلۋالىيۇ، ئەلمۇتەئالۇ،
ئەلبەررۇ، ئەتتەۋۋابۇ، ئەلمۇنتەقىمۇ،
ئەلئەفۇۋۋۇ، ئەررەئۇفۇ، مالىكۇلمۇلكى،
زۇلجەلالى ۋەلئىكرام، ئەلمۇقسىتۇ، ئەلجامىئۇ،
ئەلغەنىييۇ، ئەلمۇغنىيۇ، ئەلمانىئۇ، ئەززاررۇ،
ئەننافىئۇ، ئەننۇۋرۇ، ئەلھادىيۇ، ئەلبەدىئۇ،
ئەلباقىيۇ، ئەلۋارىسۇ، ئەررەشىيدۇ،
ئەسسەبۇۋرۇ.»

## 1. أَللهُ (ئەللاھۇ) – ھەقىقىي ئىلاھ

أَللهُ: ھەقىقىي ئىلاھ دېگەن مەنىدە.

بۇ ئىسىم پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى، ياراتقۇچىسى، بويسۇندۇرغۇچى، ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزگۈچى مۇقەددەس زات ئەللاھنىڭ خاس سۈپەت نامىدۇر. بۇ ئىسىم ھايات زات ئەللاھنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئەللاھ تەربىيەتچى، مەئبۇد، ئىبادەت قىلىنغۇچى، يەككە - يېگانە بىزنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ تەربىيىلىگۈچى، ھېچ قانداق شېرىكى يوق زاتتۇر. كائىناتنىڭ ئەللاھتىن باشقا ئىلاھى يوقتۇر.

## 2. ألرَّحْمٰنُ (ئەررەھمانۇ) — چەكسىز كۆيۈنگۈچى

ألرَّحْمٰنُ: چەكسىز كۆيۈنگۈچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بارلىق شەيئىلەرگە چەكسىز كۆيۈنۈش بىلەن سۆيەتلەنگۈچىدۇر. يەنى مەخلۇقاتلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا يارىشا ئىبتىقاد پەرقىنى ئايرىماي رەھىم قىلغۇچىدۇر.

## 3. ألــــــــرَّحِيْمُ (ئــەررەھىيمۇ) – ئاخىرەتتە كۆيۈنگۈچى

ألــــــرَّحِيْمُ : ئــاخىرەتتە كـۆيۈنــگۈچى ئەلـلاھ دېگـەن مـەنىدە. يەنى داۋاملـىق رەھـــم - شەپقــەت قىلغۇچــى زاتتــۇر. رەھـــم - شەپــقەت تـەلـــەپ قىلمىســـا، غەزەپ قىلغۇچىدۇر. ئـەللاھ ئۆز رەھمىتـى بىلەن كـۆيۈنـگۈچى مۆمىنلـەرنى جەننەتتىن ئىبـــارەت يۇكسـەك مېھرى - شەپقىتـــدىن بەھرىمان قىلغۇچىدۇر.

## 4. أَلْمَلِكُ (ئەلمەلىكۇ) – پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ خوجايىنى

أَلْمَلِكُ: پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ خوجايىنى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى شەيئىلەردە چەكلىمىسىز، توسالغۇسىز ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغۇچى. ئۆز سەلتەنىتىدە توسالغۇسىز بۇيرۇق قىلغۇچىدۇر. سۈپەت ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىدە بارلىق نەرسىلەردىن بىھاجەتتۇر. جانلىق ۋە جانسىز بارلىق شەيئى مۇھتاج بولىدىغان زاتتۇر.

## 5. أَلْقُدُّوْس(ئەلقۇددۇسۇ) — بارلىق نۇقساندىن پاك

أَلْقُدُّوْس: بارلىق نۇقساندىن پاك ئەللاھ دېگەن مەندە: يەنى سەزگۈ ئەزا بايقىيالايدىغان، خىيال تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ياكى تۇيغۇلار يېتەلەيدىغان بارلىق نۇقساندىن پاك زاتتۇر. ئەللاھ لايىق بولمايدىغان بارلىق نەرسىلەردىن پاكتۇر. ئىنساننىڭ سەزگۈ ئەزاسى بايقىيالىشى ياكى بايقىيالمىسۇن، ئىنساننىڭ خىيالى تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن ياكى قىلالمىسۇن، ئىنساننىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر.

## 6. أَلسَّلاَمُ (ئەسسەلامۇ) — مۆمىنلەرگە سالامەتلىك بېغىشلىغۇچى

أَلسَّلاَمُ : مۆمىنلەرگە خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى، سالامەت ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى زاتى، سۈپىتى، ئىش - ھەرىكەت جەھەتلەردە، بارلىق ئەيىب ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن سالامەتتۇر. ئازابلاشقا تېگىشلىك بولمىغانلارنى ئازابتىن سالامەت قىلغۇچىدۇر.

## 7. اَلْمُؤْمِـــــــــنُ (ئـــەلمۇئمىنۇ) — خاتىرجەم قىلغۇچى

اَلْمُؤْمِـــنُ: خاتىرجـەم قىلغۇچـى ئـەللاھ دېگـەن مـەنىدە، يـەنى ئـۆزىنىڭ ۋەدىسىدە سـەمىمىي، ئـــۆز ئـــەلچىلىرىنى بەرگـــەن مۆجىزاتلىرى بىلـەن خاتىرجـەم قىلغۇچىدۇر. خەۋپسىزلىكـەنلەر ئـەللاھقا ئىلتىجـا قىلســا، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىدىغان زاتتۇر. قۇرئـان كەرىمدە: «مۆئمىنلەرنىڭ دىللىرى ئـەللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىلـلار ئـەللاھنى يـاد ئېتىش بىلـەن ئـارام تاپىدۇ.» سۈرە رەئد 28 ـ ئايەت.

## 8. اَلْمُهَيْمِنُ (ئەلمۇھەيمىنۇ) – بارلىق شەيئىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى

اَلْمُهَيْمِنُ: بارلىق شەيئىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى يوشۇرۇن ئىشلار ۋە قەلبنىڭ مەخپىيەتلىرىدىن خەۋەردار ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچى، مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەمەل، رىزىق ۋە ئەجەل ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى زاتتۇر.

## 9. اَلْعَزِيْزُ (ئەلئەزىيزۇ) – كۈچلۈك

اَلْعَزِيْزُ: كۈچلۈك، غالىب ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى غەلىبىسى ئالدىدا ھەممە غالىبلار بوي ئېگىدىغان، غەلىبە ۋە ئۇلۇغلۇقى بىلەن تەڭداشسىز زاتتۇر.

## 10. أَلْجَبَّارُ (ئەلجەببارۇ) – قەھر – غەزەب قىلغۇچى

أَلْجَبَّارُ: قەھر - غەزەپ قىلغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى زالىملاردىن ھەرقانداق كىشىنى مەجبۇر قىلالايدىغان، ھېچكىم مەجبۇر قىلالمايدىغان زاتتۇر. مەخلۇقلارنى ئۆزى خالىغان بويرۇق ۋە چەكلىمىلەرگە مەجبۇرلاپ بويي ئەگدۈرگەن، پۈتكۈل مەۋجۇدات كائىناتقا قول قويغان زاتتۇر.

## 11. اَلْمُتَكَبِّرُ (ئەلمۇتەكەببىرۇ)— بۈيۈكلۈكتە يېگانە

اَلْمُتَكَبِّرُ: بۈيۈكلۈكتە يېگانە ئۇلۇغ ئەللاھ دېگەن مەنىدە، يەنى پۈتكۈل شەيئىلەردىن يۇقىرى تۇرىدىغان، بۈيۈكلۈكتە تەڭداشسىز بولۇپ، پۈتكۈل مەۋجۇدات بۈيۈكلۈككە بوي ئەككەن زاتتۇر.

## 12. اَلْخَالِقُ (ئەلخالىقۇ) — ھەممىنى ياراتقۇچى

اَلْخَالِقُ: ھەممىنى ياراتقۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى شەيئىلەرنى ئۆز ھۆكمىنىڭ تەقەززاسى بويىچە تەقدىر قىلغۇچى، يوقلۇقتىن بار قىلغۇچىدۇر.

## 13. اَلْبَارِئُ (ئەلبارىئۇ)– يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچى

اَلْبَارِئُ: يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى كەشپىياتچىدۇركى تەقدىر قىلغان نەرسىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىدۇر.

## 14. اَلْمُصَوِّرُ (ئەلمۇسەۋۋىرۇ) — ھەممە نەرسىگە سۈرەت ـ شەكىل بەرگۈچى

اَلْمُصَوِّرُ: ھەممە نەرسىگە سۈرەت ـ شەكىل بەرگۈچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى بارلىق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى ئۆزنەكسىز، رەسىمنى سىزىۋالماستىن ئەزەلى ھېكمىتى بىلەن ياراتقۇچىدۇر.

## 15. اَلْغَفَّارُ (ئەلغۇففارۇ)— كەچۈرۈم قىلغۇچى

اَلْغَفَّارُ: كەچۈرۈم قىلغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ھەرقانداق گۇناھتىن تۆۋبە قىلغان ئادەملەرنى كەچۈرۈم قىلغۇچى، بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى تەۋبە بىلەن ئۆچۈرىدىغان زاتتۇر. گۈزەللىك، ياخشىلىقنى نامايان قىلىپ، قەبىھ تەرەپلەرنى ياپقان زاتتۇر.

## 16. أَلْقَهَّارُ (ئەلقەھھارۇ) – ھەممە شەيئىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى

أَلْقَهَّارُ: ھەممە شەيئىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى، قەھر - غەزەپ قىلغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى دۈشمەنلىرى ئىچىدىكى زالىملارنى بىتچىت قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە خار قىلىش بىلەن، يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان زاتتۇر. ئەللاھ ھەر شەيئىگە غالىبتۇركى، ئىنتىقامىغا بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن ئەمەستۇر.

## 17. أَلْوَهَّــــــابُ (ئــەلۋەھھابۇ) — كۆپلەپ بەرگۈچى

أَلْوَهَّابُ: كۆپلەپ بەرگۈچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئۆز رەھمىتىنى بەرگۈچى، مۇھتاجلارغا مۇھتاج بولغان نەرسىنى بەرگۈچى، مۇھتاج ئەمەسلەرگە ئۆز ھېكمىتى تۈپەيلى مەرھەممەت ۋە ئىنئام قىلىش يۈزىسىدىن ھاجىتىدىن ئارتۇق بەرگۈچىدۇر.

## 18. اَلْـــرَّزَّاقُ (ئـەررەززاقۇ) – كـۆپ رىزىق بەرگۈچى

اَلْرَّزَّاقُ: كـۆپ رىـزىق بەرگـۈچى ئـەللاھ دېگەن مـەنىدە. يـەنى بوي ئەگكۈزگـۈچى، يۈرگۈزگـۈچى، رىـزىق بەرگـۈچى، ھـەربىر جانلىققا ياشـاش ئىمكـانىيتى ھاسـىل بولغـۇدەك ئوزۇقلـۇق يېتىشتۈرگـۈچى، ئـەيىب - نۇقسـانلاردىن پـاك زاتـتۇركى، قەلبلەرگــە مۆمىنلــەر ئۈچـۈن دىنىنىـڭ ياخشىلىنىشـىغا يـاردەم بېرىدىغـان ئىلىـم، ئىمان ۋە ھالال رىزىق ئىنئام قىلغان زاتتۇر.

## 19. أَلْفَتَّاحُ (ئەلفەتتاھۇ) – ھەقلىق بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى

أَلْفَتَّاحُ: ھەقلىق بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى، ئاچقۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئۆز مەخلۇقلىرىغا رەھمەت خەزىنىلىرىنى ئاچىدۇ. ئىنايەت - ياردىمى بىلەن ھەرقانداق توسۇقلار ئېچىلىدۇ. بەندىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ھەقنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاچقۇچى زاتتۇر.

## 20. اَلْعَلِيْمُ (ئەلئەلىيمۇ) – ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى

اَلْعَلِيْمُ: ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ۋە پايدىلىق تەرەپلىرىنى، ياخشىلىق تەرەپلىرىنى، بولۇپ بولغان، كەلگۈسىدە بولىدىغان ۋە بولمايدىغان ئىشلارنى بىلىدىغان زاتتۇر.

## 21. أَلْقَابِضُ (ئەلقابىزۇ) – يىغقۇچى

أَلْقَابِضُ: يىغقۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى رىزىقنى خالىغان بەندىلىرىدىن تۇتۇپ قالىدىغان ۋە تار قىلىدىغان زاتتۇر. قىيامەت كۈنى قۇرئان كەرىمگە ۋە ئۇزى بىلەن ئۇچرىششقا تانغانلاردىن ئۆز رەھمىتىنى تۇتۇپ قالغۇچىدۇر. روھلارنى، قەلبلەرنى ئىلكىگە ئالغۇچىدۇر.

## 22. أَلْبَاسطُ (ئەلباسىتۇ) – يايغۇچى

أَلْبَاسِطُ: يايغۇچى، سېخىي ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئۆز رەھمىتى ۋە سېخىيلىقى بىلەن خالىغان كىشىلەرگە رىزقىنى كەڭرى قىلىپ، بەندىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق بېرىپ، ئىلىم، جىسىم، مال قاتارلىقلارنى كۆپلەپ يايغۇچى. تەنلەرگە روھلارنى يايغۇچى. ئۆز ھېكمىتى ۋە رەھمىتى بىلەن رىزىق ۋە قەلبلەرنى كەڭرى قىلغۇچىدۇر.

## 23. اَلْخَـــــافِضُ (ئـــەلخافىزۇ)- چۆگۈرگۈچى

اَلْخَافِضُ: چۆكۈرگۈچى، پەس قىلغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ھەددىدىن ئاشــقان زالىــم، مەنمەنچىلــەرنى پــەس قىلغۇچى، ئۇلارنى پەس كۆرۈپ ئاھانەت قىلغۇچـــى. خالىغـــان كىشـــلەرنى ئـــۆز ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە پەس - تۆۋەن قىلغۇچىدۇر.

## 24. أَلْــرَّافِعُ (ئـەررافىئۇ)– يۇقىـرى كۆتۈرگۈچى

أَلْــــرَّافِعُ: يۇقىـرى كۆتۈرگـۈچى ئـەللاھ دېگـەن مـەنىدە. يـەنى مۆئمىن، ئىتائـەت ئارقىلىق ئۆزىگە يېقىن بولغانلارنى ياخشىلار قاتارىغا كـۆتۈرۈپ قەدىرلگـۈچى ۋە يـاردەم بەرگـۈچىدۇر. مــەخلۇقلىرىدىن خــالىغىنىنى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە قىلغۇچىدۇر.

## 25. أَلْمُعِــــزُّ (ئـەلمۇئىززۇ)– ئـەزىز قىلغۇچى

أَلْمُعِــــزُّ: ئـەزىز قىلغۇچى ئـەللاھ دېگـەن مـەنىدە. يـەنى ئىتائـەت قىلغان كىشىلەرنى ئـەزىز قىلغۇچىدۇر. خالىغان كىشىنى ئـەزىز قىلىپ، خالىغان كىشىنى بـاي قىلغۇچـى. ئىتائەت ئارقىلىق ئۆزىگـە يېقىن بولغانلارنى ئاسراش ۋە كۆڭۈل بۆلۈش ئـارقىلىق ئـەزىز قىلغۇچى زاتتۇر.

## 26. اَلْمُــــذِلُّ (ئـەلموُزىللوُ) – خـار قىلىغوُچى

اَلْمُــــذِلُّ: خـار قىلغوُچى ئـەللاھ دېگـەن مەنىدە. يـەنى دۈشمەنلىرىنى مـەغلۇبىيەتتىن مـەھرۇم قىلىـش ئـارقىلىق خـار قىلغوُچـى، خالىغـان كىشـىنى ھېكمىتىنىـڭ تەقەززاسـى بويىچـە خـار قىلغوُچـى زاتـتۇر. قۇرئـان كـەرىمدە: ئـۇ (ئـەللاھ) خالىغـان كىشـىنى (يـەنى ئـەللاھنىڭ ئىززەتلىشىگـە ئېرىشىشـنى خـالاپ شۇ بويىچـە ئىش قىلغـان كىشـىنى) ئـەزىز، خالىغان كىشىنى (ئەكسىنى بولسـا) خار قىلىدۇ، دېيىلگەن.

## 27. أَلْسَّــــــمِيْعُ (ئەسســـەمىيئۇ) — ھەممىنى ئاڭلىغۇچى

أَلْسَّـــمِيْعُ: ھـەممىنى ئـاڭلىغۇچى ئـەللاھ دېگـەن مـەنىدە. يـەنى بـارلىق سـۆز ۋە ئاۋازلارنى ئاڭلىغۇچى، تاۋۇشلارنى مەخپىي بولسىمۇ ئاڭلاپ تۇرغۇچى زاتتۇر. ئەللاھنىڭ ئاڭلىشىدىن ھېچنەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەللاھنى بىرنىدا يەنە بىر نىدا (ئىلتىجا) نى ئاڭلاشتىن توسۇيالمايدۇ.

## 28. اَلْبَصِيْرُ (ئەلبەسىيرۇ) — ھەممىنى كۆرگۈچى

اَلْبَصِيْرُ: ھەممىنى كۆرگۈچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى بارلىق ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئېگىز ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى، ئاسمان ۋە زېمىن ئارىسىدىكى، تۇپراق ئاستىدىكى نەرسىلەرمۇ مەخپىي ئەمەس. ئەللاھ پۈتكۈل شەيئىلەرنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، كۆزىتىپ تۇرغۇچى، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغان بىلەن ئەللاھنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەستۇر.

## 29. أَلْحَكَمُ (ئەلھەكەمۇ) – ھەل قىلغۇچ ھۆكۈم قىلغۇچى

أَلْحَكَمُ: ھەل قىلغۇچ ھۆكۈم قىلغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنىدىغان ھۆكۈمراندۇر. بەندىلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغۇچى، ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى زاتتۇر. ئەڭ ئالىي ھۆكۈمراندۇركى، ھۆكمىنى ئىنكار قىلغۇچى يوقتۇر.

## 30. أَلْعَدْلُ (ئەلئەدلۇ) – كامىل ئادالەت ئىگىسى

أَلْعَدْلُ: كامىل ئادالەت ئىگىسى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئىش ۋە ھۆكۈملىرىدە زۇلۇم، ناھەقچىلىقتىن پاك، ھەربىر ھەق ئىگىسىگە تېگىشلىك ھەققىنى بېرىدىغان ئادىل زاتتۇر.

## 31. أَللَّطِيْفُ (ئەللەتىيفۇ)- كۆيۈنگۈچى

أَللَّطِيْفُ: كۆيۈنگۈچى، مۇلايىم ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئۆز ئېھسانىنى مەخلۇقاتلىرىغا ئۇلار بىلمەيدىغان يوللار ئارقىلىق يوشۇرۇن - مەخپىي رەۋىشتە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كۆيۈنگۈچى زاتتۇر.

## 32. اَلْخَبِيْـــرُ (ئەلخەبىيرۇ) – ھەممىدىن خەۋەردار

اَلْخَبِيْرُ: ھەممىدىن خەۋەردار ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ھەممە نەرسىدىن خەۋەردار، ھەتتا قاراڭغۇ كېچىدىكى چۈمۈلىنىڭ مېڭىشىدىنمۇ خەۋەرداردۇر. مەيلى زېمىندا ياكى ئاسماندا ھېچقانداق نەرسە مەخپىي ئەمەستۇر.

## 33. اَلْحَلِيْمُ (ئەلھەلىيمۇ)– مۇلايىم، ئاسرىغۇچى

اَلْحَلِيْمُ: مۇلايىم، ئاسرىغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە، يەنى مېھرىباندۇركى ئازابلاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. تەۋبە قىلسا ئەيىبلەرنى كەچۈرۈپ مەغپىرەت قىلىدۇ. گۇناھ - نۇقسان، خاتالىقلارنى كەچۈرۈپ، مەغپىرەت قىلىدۇ. ئەللاھنى غەزەپلىنىش تېرىكتۈرمەيدۇ. ئاسىينىڭ ئاسىيلىقى، جاھىلنىڭ جاھىللىقى خاپا قىلالمايدۇ.

## 34. اَلْعَظِـــيْمُ (ئەلئـەزىيمۇ)– بۈيۈك، كاتتا

اَلْعَظِـــيْمُ: بۈيـۈك، كاتتـا ئـەللاھ دېگـەن مـەنىدە، يـەنى ئىشـلىرى ۋە سـەلتەنىتى بۈيۈك زاتتۇركى ئەللاھدىن بۈيۈك ھېچنەرسە يوقتۇر. ئەللاھنىڭ بۈيۈكلۈكى چەكسىزدۇر. ئۇلۇغلـۇق مـاھىيتىنىڭ چـېكى يوقـتۇر. ئەللاھنىڭ ماھىيتىنى كۆز ۋە ئاڭ ئىگىلەپ بولالمايدۇ.

## 35. اَلْغَفُورُ (ئەلغەفۇۋرۇ) – كەچۈرگۈچى

اَلْغَفُوْرُ: كەچۈرگۈچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئۆزىگە تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. كۆپ مەغپىرەت قىلغۇچى، تەۋبە ۋە ئۆزرىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى، مەغپىرىتى چەكسىز زاتتۇر. گۇناھنى تونۇغان بەندىلىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى قىيامەتتە رەسۋا بولماسلىقى ئۈچۈن ياپقۇچىدۇر.

## 36. أَلْشَّــكُورُ (ئەششەكۇۋرۇ) – كـۆپ مەرھەممەت قىلغۇچى

أَلْشَّكُورُ: كۆپ مەرھەممەت قىلغۇچى ئەللاھ دېگــەن مــەنىدە، يــەنى ئازغــا كــۆپ مەرھەممــــەت قىلغۇچـــى، تەشـــەككۇر ئېيــتقۇچىدۇر. يــەنى ئــاز تائــەت - ئىبادەتكە كـۆپ دەرىجىلـەر بىلـەن مۇكاپات بېرىدىغــان، چــەكلىك ئەمەلگــە چەكسىز نېئمەت ئاتا قىلىدىغان زاتتۇر.

## 37. اَلْعَلِيُّ (ئەلئەلىييۇ) – ئالىي

اَلْعَلِيُّ: ئالىي ئەللاھ دېگەن مەندە. يەنى ھەرقانداق مەرتىۋىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان يۈكسەك مەرتىۋىلىك ئالىي زاتتۇر. ئەللاھ زاتى ۋە سۈپەتلىرى بىلەن ئالىيدۇر. ئىسىم ۋە قىلمىشلىرى بىلەنمۇ ئالىيدۇر. بارلىق سۈپەتلىرى ۋە قۇدرەت جەھەتلەردىكى پۈتكۈل ئالىيلىق چەكسىز رەۋىشتىكى ئالىيلىق ئەللاھقا خاستۇر.

## 38. أَلْكَبِيْرُ (ئەلكەبىيرۇ)- شانۇ- شەۋكىتى بۈيۈك

أَلْكَبِيْرُ: شانۇ ـ شەۋكىتى بۈيۈك ئەللاھ دىگەن مەنىدە. يەنى ئىلمىدىن ھىچنەرسە چىقىپ كىتەلمەيدۇ. سەلتەنىتىنى ھىچكىم تالىشالمايدۇ. ئەقىل بۈيۈكلىكىنىڭ تەسۋىرىگە يىتەلمەيدۇ.

## 39. أَلْحَفِيْظُ (ئەلھەفىيزۇ)- مۇھاپىزەت قىلغۇچى

أَلْحَفِيْظُ: مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئۆزگىرىش ۋە زاۋال تېپىشتىن خالىي، ئىلمى بىلەن پۈتكۈل مەلۇماتلارنى بىلىپ تۇرغۇچى، ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى، ئاسمان - زېمىن ئارىسىدىكى، ئېگىز ئاسمانلارنىڭ ئۈستىدىكى، تۇپراقنىڭ ئاستىدىكى نەرسىلەرنى ئىلمى ئىگىلەپ تۇرغان زاتتۇر. ئىلمى يەنە سىرلار، مەخپىيەتلىكلەر، يوشۇرۇن ئىچكى ئىشلار، ئىنچىكە ئىشلارنى ئىگىلىگەن، ئاسمان - زېمىننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدىغان، مەخلۇقلارنىڭ ئەمەل ۋە سۆزلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ساقلىغۇچى، ئەستىن تۇتقۇچى زاتتۇر.

40. أَلْمُقِيْـــــــــتُ (ئـــەلمۇقيتۇ) —
قۇدرەتلىك، ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى

أَلْمُقِيْـــــتُ: قۇدرەتلىك، ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى بەدەنلەرگە تاماق بېرىش بىلەن قەلبلەرگە مەئرىپەت ۋە ئىلھامنى مەلۇم مەزگىلگىچە (يەنى ئىنسان ئۆلگۈچە) ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشكە ئەگىشىپ بېرىدىغان، خالايىقلارغا ئوزۇقلۇق بەرگۈچىدۇر.

41. اَلْحَسِيْبُ (ئەلھەسىيبۇ) — ھەممە نەرسىگە كۇپايە، ھېساب ئالغۇچى

اَلْحَسِيْبُ: ھەممە نەرسىگە كۇپايە، ھېساب ئالغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى مەخلۇقلىرىنىڭ ئەمەل ۋە ھېساب ئېلىش ئىشلىرىنى يېتەرلىك قوغدىغۇچىدۇر. مۆمىنلەردىن ئاسان ھېساب ئېلىپ، ئۇلارنى ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان جەننەتكە كىرگۈزگۈچى، دىنسىزلاردىنمۇ ھېساب ئالغۇچىدۇر. ئەللاھ ھەركىمدىن ھېساب ئالغۇچى ۋە ھەممە مەخلۇقلىرىنىڭ ھېسابىنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئالغۇچى، كۇپايە قىلغۇچىدۇر.

## 42. أَلْجَلِيْلُ (ئەلجەلىلۇ) – ناھايىتى كاتتا سۈپەتكە ئىگە

أَلْجَلِيْلُ: ناھايىتى كاتتا سۈپەتكە ئىگە ئەللاھ دېگەن مەنىدە، يەنى جىمى مەۋجۇداتتىن سۈپەت، ئىسىم ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرى مۇكەممەل زاتتۇر. قەلبلەرنى ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرى، سىرلارنى گۈزەللىك تەسۋىرلىرى بىلەن ئاچقۇچىدۇر. بۈيۈك ۋە تولۇقلۇقتا لايىقتۇر. دۇنيادا ئىنسانلار كۆرەلمىسىمۇ، ئەمما ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئۆز زاتىنى نامايان قىلىپ كۆرسەتكۈچىدۇر.

## 43. اَلْكَرِيْمُ (ئەلكەرىيمۇ) – ناھايىتى ئالىيجاناب، سېخىي

اَلْكَرِيْمُ: ناھايىتى ئالىيجاناب، سېخىي ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى زاتى، سۈپىتى ۋە ئىش - ھەرىكىتى گۈزەل، كۆپ ئىنئام بەرگۈچى زاتتۇر. ئېھسانى دائىمى، مەرھەمىتى چەكسىزدۇر. قىساس ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق كەچۈرىدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، مەرھەممەت، ئىنئام ئىگىسىدۇر. ئۆزى خالىغان رەۋىشتە خالىغانچە ئىنئام بېرىدىغان، ئىنئامى تۈگىمەس سېخىي، ئىنئام قىلغۇچىدۇر.

## 44. أَلْرَّقِيْبُ (ئەررەقىيبۇ) — كۆزىتىپ تۇرغۇچى

أَلْرَّقِيْبُ: كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممە ئەھۋال ۋە ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر. كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئىگىلەپ تۇرغۇچىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ ھېچبىر ئىشى ئەللاھقا مەخپىي ئەمەستۇر.

## 45. أَلْمُجِيْبُ (ئەلمۇجىيبۇ) — ئىجابەت قىلغۇچى

أَلْمُجِيْبُ: ئىجابەت قىلغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى تىلەك تىلىگۈچىلەرنىڭ تىلىكىگە جاۋاب بېرىدىغان، دۇئادىن بۇرۇنمۇ مەرھەمەت قىلىدىغان، سورىغان كىشىلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغان، ئەزەلى غەيبتە تىلەك تىلىگۈچىلەرنىڭ تىلىكىنى ئۇلار تىلەشتىن ئىلگىرىلا بىلىدىغان ئىجابەت قىلغۇچى زاتتۇر.

## 46. أَلْوَاسِعُ (ئەلۋاسىئۇ) — مەرھەمىتى كەڭ

أَلْوَاسِعُ: مەرھەمىتى كەڭ ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئىلمى پۈتكۈل ئىلىمدىن چەكسىز، بايلىقى چەكسىز، رەھمەت ۋە مەغپىرىتى بارلىق سۈپەت ۋە سەلتەنىتى ماختاشقا سازاۋەر، پەزىلەت ۋە سۈپەتلىرى بارلىق سەيئىلەردىن چەكسىز زاتتۇر. ئۇلۇغلۇق، سەلتەنەت ۋە ھوقۇقى چەكسىز، پەزىلەت ئېھسانى چەكسىز، سېخىيلىق ۋە ئۇلۇغلۇقى چەكسىز زاتتۇر.

## 47. أَلْحَكِــــــيْمُ (ئەلھەكيمۇ) – ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى

أَلْحَكِيْمُ: ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى مۇكەممەل ھېكمەت، كۈچلۈك ئىسپات، بۈيۈك پاكىت ۋە ئەزەلىي ئەمىر ئەللاھقا خاستۇر، شەيئىلەرگە ھېكمەت بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچى، پۇختا ئورۇنلاشتۇرغۇچى، تەقدىر قىلغان، بىكىتكەن ھەربىر ئىشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، رەت قىلىنماس ھۆكۈم ئىگىسى بولغان زاتتۇر.

## 48. اَلْوَدُوْدُ (ئەلۋەدۇۋدۇ) — دوست تۇتقۇچى

اَلْوَدُوْدُ: دوست تۇتقۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى يېقىنلىرىنىڭ قەلبىدە يېقىملىق، پۈتكۈل مەخلۇقاتقا خەيرى - ئېھسانىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان، سالىھ بەندىلىرىنى ياخشى كۆرۈپ ئۇلاردىن رازى بولىدىغان زاتتۇر. ئۇلارغا قىلغان ئىنئام ۋە رەھمىتىنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلى سانا - مەدھىيىگە ھەقىقي لايىق مەدھىيە ئوقۇلغۇچى ۋە ئېھسان قىلغۇچىدۇر.

## 49. أَلْمَجِيْدُ (ئەلمەجىدۇ) — بەك ئۇلۇغ

أَلْمَجِيْدُ: بەك ئۇلۇغ ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى زاتى ئۇلۇغ، قۇدرەت ھېكمىتى تولۇق زاتتۇر. بىردىنبىر مۇكەممەل شەرەپكە ئىگە، پېئىلى گۈزەل، سۈپەتلىرى ئېسىل، ئۇلۇغلۇق، كاتتىلىق، بۈيۈكلۈك، چوڭلۇق، تەڭداشسىزلىق سۈپەتلىرى مۇكەممەل زاتتۇر.

## 50. اَلْبَاعِثُ (ئەلبائىسۇ) – قوزغىغۇچى

اَلْبَاعِثُ: قوزغىغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى قىيامەت كۈنى ئۆلگەن مەخلۇقلارنى تىرىلدۈرىدىغان، پەيغەمبەرلەرنى ئەھكاملار بىلەن ئەۋەتىدىغان، ئۇخلىغۇچىلارنىڭ تەنلىرىنى ئويغىتىپ قوزغىتىدىغان زاتتۇر.

## 51. أَلشَّـــهِيْدُ (ئەششـەهيدۇ) – ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى

أَلشَّـــهِيْدُ: ھـەممىنى كـۆرۈپ تۇرغۇچى ئـەللاھ دېگـەن مـەنىدە. يـەنى ھېچنەرسـە ئىلمىدىــن غــايىب بولمايدىغــان، پــۈتكۈل شـەيئىلەرنى كـۆزىتىپ، كـۆرۈپ تۇرىدىغـان زاتـتۇر. بـارلىق ھەرىكەتلـەردىن خـەۋەردار، بــارلىق ســۆز ۋە تاۋۇشـــلارنى ئــاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر.

## 52. أَلْحَـــــــقُّ (ئەلهــــەققۇ) – مــەۋۇجۇتلۇقى شەكســز، ئــەزەلدىنلا مەۋجۇت

أَلْحَقُّ: مەۋجۇتلۇقى شەكسىز، ئەزەلدىنلا مــەۋجۇت ئــەللاھ دېگــەن مــەنىدە. يــەنى بــارلىق ۋە هــەقىقىيلىق ئىبادەتكــە لايــىق، يوقالمــاس مەڭگــۈ تۇراقلىــق، كائىنــاتنى بارلىققــا كەلتۈرگــۈچى ئــەللاھقا خاســتۇر. زاتـــى، ئىســـم ـ سۈپـــەتلىرىدە، ســۆز هەرىكـەتلىرىدە، ئـەلچىلىرى، كىتـابلىرى ۋە دىـنىدا، شـۇنداقلا بـارلىق شـەيئىلەردە هـەق زاتتۇر.

## 53. اَلْوَكِيْلُ (ئەلۋەكىيلۇ)ـ ۋەكىل بولغۇچى

اَلْوَكِيْلُ: ۋەكىل بولغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلغان ۋە قايتىقان كىشىلەرگە ۋەكىلدۇر. كىمكى ئەللاھقا تەۋەككۇل قىلىدىكەن، ئەللاھ ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ. ئەللاھ بىلەن باشقىلاردىن بىھاجەت بولىدىكەن ئەللاھ ئۇنى بىھاجەت قىلىدۇ. پۈتكۈل مەخلۇقلارنىڭ ئىشلىرىغا يېتەرلىك بولغانلىقى ئۇلارنىڭ مەنپەئەت رىزىقلىرىغا كېپىل بولغانلىقى ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان، ھەممە مەخلۇقنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى يېگانە ئەللاھتۇر.

## 54. أَلْقَــــوِيُّ (ئەلقــەۋىييۇ) – كــۈچ قۇۋۋەتتە يۈكسەك

أَلْقَــــوِيُّ: كــۈچ قۇۋۋەتتــە يۈكســەك، قۇدرەتلىــك ئــەللاھ دېگــەن مــەنىدە. يــەنى قۇدرەت ۋە كۈچى مۇكەممەل، ھېچ شەيئى ئــاجىز قىلالمايدىغــان زاتــتۇر. غــالىبتۇر، مــەغلۇب قىلىنمــايدۇ. پـــاناھ بولىـــدۇ، پاناھلانمايدۇ.

## 55. أَلْمَتِيْنُ (ئەلمەتىنۇ) ـ بەك مۇستەھكەم

أَلْمَتِيْنُ: بەك مۇستەھكەم ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى قىلمىشلىرىدا چارچاش يەتمەيدىغان، يەردە بولسۇن، ئاسماندا بولسۇن ھېچقانداق نەرسە ئاجىز قىلالمايدىغان، قاتتىق، كۈچلۈك زاتتۇر. كۈچ - قۇدرەتتى ھەرقانداق كۈچ، ھەرقانداق قۇۋۋەتتىن يۇقىرىدۇر.

## 56. أَلْوَلِيُّ (ئەلۋەلىييۇ) — بەك يېقىن

أَلْوَلِيُّ: بەك يېقىن، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى يېقىن، ياردەم بەرگۈچى، ئىشلارنى ئۈستىگە ئالغۇچى زاتتۇر. مۆئمىنلەر ئەللاھنى يېقىن بىلسە، ئەللاھ ئۇلارنى كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئاسراپ قوغدايدۇ. ئەللاھ ئۇلارنىڭ ئىگىسى، خوجىسى، قوللىغۇچىسى ۋە رەھىم قىلغۇچىسىدۇر.

## 57. أَلْحَمِيْدُ (ئەلھەمىدۇ) – مەدھىيىگە لايىق

أَلْحَمِيْدُ: مەدھىيىگە لايىق ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى زاتى، ئىسىملىرى، سۈپەتلىرى، قىلمىشلىرىدا مەدھىيىگە سازاۋەردۇر. پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر، كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقات ھەمدۇ - سانا ئېيتىشقا لايىق، زەررىچە مەخلۇقلارمۇ ئىنئاملىرىنى بايان قىلدىغان، ھەمدۇ - ساناغا لايىق زاتتۇر. ئەللاھ ئۆزىنى مەخلۇقلىرى مەدھىيىلەشتىن ئىلگىرىلا ئۆلارغا ئۆزىنىڭ نېئمەتلىرىگە ھەمدۇ - سانا ئېيتىشنى ئۆگىتىش يۈزىسىدىن مەدھىيىلىگەن.

## 58. أَلْمُحْصِـــــيُ (ئەلمۇهسـيۇ) — بـارلىق شـەيئىلەر سـانىنى مۇكەممـەل ئىگەللىگۈچى

أَلْمُحْصِـــــيُ: بـارلىق شـەيئىلەر سـانىنى مۇكەممـــەل ئىگەللىگـــۈچى ) هېســـابلاپ تۇرغۇچـى ( ئـەللاھ دېگـەن مـەنىدە. يـەنى پـــۈتكۈل شـــەيئىنى ئـــۆز ئىلمـــى بىلـــەن ئىستاتىستىكا قىلىپ تۇرغۇچى، شەيئىلەردىن چـوڭ ـ كىچىـك هېچقايىسسـى ئىلمىدىـن قـېچىپ قۇتۇلالمايدىغـان ئىستاتىسـتىكا قىلغۇچىدۇر.

## 59. أَلْمُبْدِئُ (ئەلمۇبدىئۇ) – يوقتىن بار قىلغۇچى

أَلْمُبْدِئُ: يوقتىن بار قىلغۇچى، ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئەللاھ شەيئىلەرنى يوقلۇقتىن پەيدا قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇلارنى ھېچقانداق سىناق قىلمايلا كەشىپ قىلدى. كائىنات ئەللاھنىڭ يارىتىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ھەم ئەللاھنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئەسلىگە قايتىدۇ.

## 60. اَلْمُعِيْدُ (ئەلمۇئىيدۇ) – قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى

اَلْمُعِيْدُ: ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى مەخلۇقلارغا ھاياتلىق، ھاياتتىن كېيىن ئۆلۈم، ئۆلگەندىن كېيىن مەڭگۈ ھاياتلىققا قايتۇرىدىغان، ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى زاتتۇر. شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئەللاھنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن كەلگەن. كېيىن يەنە ئەللاھنىڭ ئالدىغا قايتىدۇ.

61. أَلْمُحْيِيْ (ئەلمۇھيىۇ) – تىرىلدۈرگۈچى

أَلْمُحْيِيْ: تىرىلدۈرگۈچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى پۈتكۈل شەيئىدە ھاياتلىقنى ياراتقۇچى، جانلىقلارنى يوقلۇقتىن بار قىلغۇچى، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرگۈچى زاتتۇر. زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن زاتتۇر.

## 62. اَلْمُمِيْتُ (ئەلمۇمىيتۇ) - جاننى ئالغۇچى

اَلْمُمِيْتُ: جاننى ئالغۇچى، ۋاپات تاپقۇزغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى بارلىق كىشىگە ئۆلۈمنى تېتىتقۇچىدۇر. بىردىن - بىر ھايات ئىگىسىدۇر. ئەللاھتىن باشقا ئۆلتۈرگۈچى بولمىغان، باشقا تىرىلدۈرگۈچىمۇ بولمىغان زاتتۇر.

## 63. اَلْحَــــيُّ (ئەلھـەييۇ)- مەڭگـۈ ھايات

اَلْحَــــيُّ: مەڭگـۈ ھايـات ئـەللاھ دېگـەن مـــەنىدە. يـــەنى يوقىلـــش، ئـــۆلۈش، باشـلىنىش ۋە ئاخىرلىششـى يـوق ھايـات زاتتۇر. مۇتلەق باقىيلىق ئەللاھقا خاستۇر.

## 64. اَلْقَيُّومُ (ئەلقەييۇۋمۇ) – بارلىق مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى

اَلْقَيُّومُ: بارلىق مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى مۇتلەق ھالدا مۇستەقىل ئىش بېجىرگۈچى، سەلتەنەتنىڭ ئىشلىرىنى تەدبىر قىلغۇچى، بارلىققا كەلتۈرگۈچىدۇر. شەيئىلەر پەقەت ئەللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەنلا بارلىققا كەلگەندۇر. ئەللاھ مەخلۇقلىرىدىن بىھاجەتتۇر. ھالبۇكى، ئۇلار ئەللاھقا مۇھتاجدۇر.

## 65. أَلْوَاجِدُ (ئەلۋاجىدۇ) — تاپقۇچى

أَلْوَاجِدُ: تاپقۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ھېچنەرسە كەملىك قىلمايدىغان زاتتۇر. ئېھتىياجى چۈشمەس بايدۇر. خالىغان، تەلەپ قىلغان ھەرقانداق شەيئىنى بار قىلغۇچى، ئىرادە قىلغانلىكى نەرسىنى كەلتۈرگۈچى، ئۆز مۇرادىنى ھاسىل قىلىشقا قادىر، ھېچبىر مەخپىي بولغۇچى مەخپىي بولالمايدىغان زاتتۇر.

## 66. اَلْمَــــاجِدُ (ئــەلماجىدۇ) – ئالىيجاناب، ئۇلۇغ

اَلْمَــــاجِدُ: ئالىيجانــاب، ئۇلــۇغ ئــەللاھ دېگــەن مــەنىدە. يــەنى ئــەللاھ مۇكەممــەل قۇدرەتكــە ئىگــە، ئۇلۇغــدۇر، نوپــۇزى چەكســـىزدۇر. زاتـــى ئۇلـــۇغ، قـــاتتىق زەربىدار، سېخىيدۇر.

## 67. اَلْوَاحِدُ (ئەلۋاھىدۇ) - يەككە - يېگانە

اَلْوَاحِدُ: يەككە - يېگانە ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى تەڭدىشى، ياردەمچىسى، ئوخشىشى، مىسلى يوق يەككە - يېگانە زاتتۇر. زاتى، سۈپىتى ۋە قىلمىشلىرىدا يەككە، بىردىنبىر بىھاجەت زاتتۇر.

## 68. أَلصَّـــــمَدُ (ئەسســەمەدۇ) — بىھاجەت

أَلصَّــــمَدُ: بىھاجــەت ئـەللاھ دېگـەن مـەنىدە. يـەنى ئېھتـيــاج ۋە تـىلەكلــەردە مـەقسەت قىلىنىدىغـان، ھـەممە نەرسـە ئۇ زاتقــــىلا مۇھتـــاج بولغـــان، بارلـــىق كاتتىلـىق ئـەللاھقـىلا مەنسۇپ بولغـان، قـيـىنچـــىلىق ۋە ھادىســـــلەردە يـــاردەم تەلـــەپ قىلىنىدىغـــان، مــــەخلۇقلىرىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدىغان زاتتۇر.

## 69. اَلْقَادِرُ (ئەلقادىرۇ) – ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى

اَلْقَـــادِرُ: ھەممىگــە قــادىر، كۈچــى يەتكۈچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ھېچ شەيئى ئاجىز قىلالمايدىغان، سەۋەبلەر بىلەن باغلانمايدىغان، پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ئۆزىگە خاس رەۋىشتە كەشىپ قىلىدىغان، پەيدا قىلىدىغان، ئىشلاردا باشقا ياردەمچىلەرگە ھاجىتى چۈشمەيدىغان مۇكەممەل قۇدرەت ئىگىسىدۇر.

## 70. اَلْمُقْـــتَدِرُ (ئەلمۇقتەدىرۇ) — ناھايىتى كۈچلۈك

اَلْمُقْتَدِرُ: ناھايىتى كۈچلۈك، قۇدرەت ئىگىسى ئـەللاھ دېگـەن مـەنىدە. يـەنى قۇدرىـــتى بۈيۈكـــتۇر، ئـــۆزىنىڭ كامـــالى قۇدرىـتى بىلـەن ئـۆز خەلقىگـە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىـــدۇر. خالىغـــان نەرســـىنى تـــەقدىر قىلغۇچـى بىلـىم ۋە ھېكمـەت بىلـەن ئـىش قىلغۇچىدۇر.

## 71. اَلْمُقَدِّمُ (ئەلمۇقەددىمۇ) — ئىلگىرى قىلغۇچى

اَلْمُقَدِّمُ : ئىلگىرى قىلغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى خالىغان شەيئىنى خالىغان شەيئىدىن يارىلىش، ئۆلۈش، مەرتىۋە، رىزىق قاتارلىقلاردا ئىلگىرى قىلغۇچى زاتتۇر.

## 72. اَلْمُؤَخِّرُ (ئەلمەئەخخىرۇ) — كېچىكتۈرگۈچى

اَلْمُؤَخِّرُ: كېچىكتۈرگۈچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئۆز خاھىشى بويىچە بەزى شەيئىلەرنى بەزىسىدىن كېچىكتۈرىدىغان، ئەللاھنىڭ ھەققىنى كېچىكتۈرىدىغانلارنىڭ جازاسىنى خالىغىنىچە كېچىكتۈرىدىغان زاتتۇر. زالىملارغا جازانى ئۆزىلا بىلىدىغان ھېكمەت ۋە سەۋەبلەر بىلەن كېچىكتۈرگۈچى زاتتۇر.

## 73. اَلأَوَّلُ (ئەلئەۋۋەلۇ) ـ ئەڭ ئەۋۋەل

اَلأَوَّلُ: ئەڭ ئەۋۋەل ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئەزەلىيلىكى بىلەن ئەۋۋەلدۇركى ئەللاھتىن بۇرۇن ھېچ شەيئى يوقتۇر. ئەللاھ ئەۋۋەلدۇر. باشلىنىشى يوق. زاتى، ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ۋە پېئىلى بىلەن ئەزەلىيدۇر. ھەدىس شەرىفتە بىر ئەئرابىي رەسۇلۇللاھتىن: ئەللاھ مەخلۇقلارنى يارىتىشتىن ئىلگىرى قەيەردە ئىدى؟ دەپ سورىغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەل لاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم جاۋاب بېرىپ: «ئەللاھ بار ئىدى. ئەللاھدىن باشقا ھېچ شەيئى يوق ئىدى» دېگەن. ھىلقى ئەئرابىي: «ئەمدىچۇ؟» دېگەندە، ئەللاھنىڭ رەسۇلى: «ئەللاھ يەنە شۇ ئەسلى ھالىتىدە» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## 74. اَلأَخِرُ (ئەلئاخىرۇ) – مەڭگۈ مەۋجۇت

اَلأَخِرُ: مەڭگۈ مەۋجۇت ئەللاھ دېگەن مەنىدە، يەنى ئەللاھ ئاخىردۇر. يەنى بۇ ئىسىم ئەللاھنىڭ باقىيلىقى، ئەبەدىيلىكىگە، ئەللاھتىن كېيىننىڭ يوقلۇقىغا دالالەت قىلغۇچىدۇر. ئەللاھ باقىيدۇر، ئاخىرلىششى يوقتۇر.

## 75. اَلظَّاهِرُ (ئەززاھىرۇ) – ئاشكارا بولغۇچى

اَلظَّاهِرُ: ئاشكارا بولغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئەللاھ ئاشكارىدۇركى، ئالىيلىقى ۋە بۈيۈكلۈكىنى ئەللاھتىن بەكرەك ئىزھار قىلىدىغان بىرى يوقتۇر.

ئەللاھنىڭ ئۈستىدە ھېچ شەيئى يوقتۇر. ئۆزىنىڭ بارلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتلىرى ۋە قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرىنى ئەقىل ۋە كۆز ئىگىلىرىگە ئاشكارىلىغۇچىدۇر. ئەللاھ زاھىردۇر ئەللاھنىڭ يۇقىرىسىدا ھېچ نەرسە يوقتۇر.

## 76. اَلْبَاطِنُ (ئەلباتىنۇ) – مەخپىي

اَلْبَاطِنُ: مەخپىي بولغان ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى بۇ ئىسىم ئەللاھنىڭ ئىنسانلارغا يېقىنلىقى ۋە بىللە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئەللاھنىڭ زاتى ۋە ماھىيىتى ئەقىل ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ئىدراك قىلىشىدىن مەخپىيدۇر.

## 77. أَلْوَالِـــيُ (ئـەلۋالييۇ) ـ ئىگـە بولغۇچى

أَلْوَالِيُ: ئىگـە بولغۇچى ئـەللاھ دېگـەن مەنىدە. يەنى ئەللاھ شەيئىلەرنىڭ ئىگىسى، شـەيئىلەر ئۈچـۈن شـەيئىلەرنىڭ ئىـش ۋە مەنپەئەتلىرىگـە ئىگـە بولغۇچى، ئۇلاردىكى ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆز خاھىشـــــى ۋە ھېكمـــــىتى بويىچـــــە ئورۇنلاشـتۇرغۇچىدۇر. ئـەللاھنىڭ شـەيئىلەر ئۈستىدىكى ھۆكۈمى ئـەللاھنىڭ قۇدرىـتى ۋە ئىنئامى بىلەن ئىجرا قىلىندۇ.

## 78. اَلْمُتَعَالُ (ئەلمۇتەئالۇ) – بۈيۈك

اَلْمُتَعَالُ: بۈيۈك ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ھەر تۈرلۈك يۈكسەكلىك ئەللاھقىلا خاستۇر. زاتى ئالىي، قەدرى ئالىي، سۈپىتى ۋە قەھرى ئالىيدۇر. ئەللاھ ئەرش ئۈستىدە ئۆزىگە خاس رەۋىشتە بەرقارار بولغان، پۈتكۈل سەلتەنەت ئۆز ئىلكىدە بولغان زاتتۇر.

## 79. اَلْبَرُّ (ئەلبەررۇ) – ياخشىلىق قىلغۇچى

اَلْبَـــرُّ : ياخشىــلىق قىلغۇچى ئـەللاھ دېگـــەن مـــەنىدە. يەنـــى پـــۈتكۈل ياخـــشىلىقنىڭ، ئېھســانىنىڭ ئىگىســـىدۇر. دۇنيا، ئاخىرەتتە بەندىلىرىگە ئۆز ئاتاسىنى ئىنئام قىلىدىغان زاتتۇر.

## 80. اَلـــتَّوّابُ (ئەتتـــەۋۋابۇ) — تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچى

اَلْتَّوّابُ: تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغۇچى، ئۇلارنى بىردە ئاگاھلاندۇرۇپ، بىردە مۆھلەت بېرىدىغان پەزىل - مەرھەمەت يۈزىسىدىن ئۇلارنى مەقبۇل تەۋبىگە مۇۋەپپىق قىلىدىغان زاتتۇر. بەندە تەۋبىنى قانچە تەكرارلىسا، قوبۇل قىلىشنى شۇنچە تەكرارلايدىغان زاتتۇر.

## 81. اَلْمُنْتَقِمُ (ئەلمۇنتەقىمۇ) – ئىنتىقام ئالغۇچى

اَلْمُنْتَقِمُ: ئىنتىقام ئالغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى خالىغان كىشىلەرگە يۇقىرى چەكتە جازا بەرگۈچى، ئادىل جازا بەرگۈچى، زالىملارنىڭ زۇلمىنى بىتچىت قىلىپ، ئاسىيلارنى قاتتىق جازالىغۇچى، ئۇلارنى قەھر - غەزىپى بىلەن تۇتقۇچىدۇر.

## 82. اَلْعَفُــــــوُّ (ئەلئەــفۇۋۋۇ) — كەچۈرۈم قىلغۇچى

أَلْغَنِيُّ: كەچۈرۈم قىلغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى يامانلىقلارنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنى خالىغاندا ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغان ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاك زاتتۇر.

## 83. اَلـــــــرَّؤُوْفُ (ئــەررەئۇفۇ) – كۆيۈمچـان

اَلــرَّؤُوْفُ : كــۆيۈمچان ئـەللاھ دېگـەن مەنىدە. يەنى كۆيۈمچان، ئۆز بەندىلىرىگە چەكســىز مېھـىر - شەپـقەت يەتكۈزگـۈچى، ئاسرىغۇچى، توغرا يول كۆرسىتىپ، بـەخىت سـائادەت يولىغـا باشــلىغۇچى مۆكەممـەل رەھمەت ئىگىسىدۇر.

## 84. مَالِكُ الْمُلْك (مالىكۇلمۇلكى)– شاھلار شاھى

مَالِكُ الْمُلْك: شاھلارنىڭ شاھى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى قۇدرىتى مۇكەممەل، پۈتكۈل سەلتەنەتنىڭ ئىگىسى. دۇنيا، ئاخىرەت سەلتەنەتىدە شېرىكسىز ئورۇنلاشتۇرۇش ئىلىپ بارغۇچى، پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ سەلتەنەتى قولىدا بار، پۈتكۈل مەخلۇقات دەرگاھىغا قايتىدىغان ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاك سەلتەنەت ئىگىسىدۇر.

## 85. ذُو الْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ (زۇلجەلالى ۋەلئىكرامى) — ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك ئىگىسى

ذُو الْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ: ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك ئىگىسى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئەللاھتىن بۈيۈك ھېچكىم يوقتۇر. ئىكرام ئىگىسى. ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر، سالىھ بەندىلىرىنى سوۋغا - سالام، كاتتا ئىنئاملار بىلەن ھۆرمەتلىگۈچى زاتتۇر.

## 86. اَلْمُقْسِطُ (ئەلمۇقسىتۇ) – ئادىل، ھەققانىيەتچى

اَلْمُقْسِطُ: ئادىل، ھەققانىيەتچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئەللاھ ھۆكۈم ۋە پۈتكۈل ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ئادىل زاتتۇركى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئۈچۈن زالىمدىن قىساس ئېلىپ، ئاجىزلار ئۈچۈن بوزەك قىلغۇچىلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ.

## 87. اَلْجَامِـــــعُ (ئـەلجامىئۇ) – جۇغلىغۇچى

اَلْجَـــامِعُ : جۇغلىغۇچى ئـەللاھ دېگـەن مـەنىدە. يەنـــى خـالايىقلارنى قىيامـەت كۈنـى ھېساب ئېلـىش ئۈچۈن يىغـدىغان، كائىناتنى بىر گـەۋدىلـەشتۈرگۈچى، ئىنسانغا ئوخـشاش ۋەكىللىـك خـاراكتېرىگە ئىگـە جانلىقلارنى قىيامـەت كۈنـى يـەر يـۈزىگە توپلىـغۇچى، ئاسمانـلار ۋە سەييارىلـەردەك پـەرقلىق جىنىسلارنىمۇ توپلىغۇچى زاتتۇر.

## 88. أَلْغَنِيُّ (ئەلغەنىيىۇ) ـ بەك باي

أَلْغَنِيُّ: بەك باي ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى پۈتكۈل مەخلۇقاتتىن بىھاجەت، ھەممىسى ئەللاھقا ئېھتىياجلىقتۇر. چەكسىز پەزىلەت ۋە ئىنئام ئىگىسىدۇر، ھېچكىمگە ئەسلا ئېھتىياجى چۈشمەس زاتتۇر.

## 89. أَلْمُغْنِيُ (ئەلمۇغنىيۇ) – باي قىلغۇچى

أَلْمُغْنِيُ: باي قىلغۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىنى خالىغان بايلىق تۈرلىرى بىلەن باي قىلىدۇ. بايلىقنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى كۆڭۈل بايلىقىدۇر. شۈبھىسىزكى ھاجەتلەر ئەللاھتىنلا تىلىنىدۇ.

## 90. أَلْمَـانِـعُ (ئەلمانىئۇ) – توسقۇچى

أَلْـمَـانِـعُ: توسقۇچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئەللاھ ئۆز ۋەلىيلىرىگە باشقىلارنىڭ ئازار بېرىشىنى توسىدۇ. بەزى ئىمكانىيەتلەرنى مەۋجۇت قىلىپ، بەزىسىنى مەنئى قىلىدۇ.

## 91. أَلْـــــــضَّارُّ (ئــەززار رۇ) – دۇشمەنلىرىلگــە ئــازاب – ئوقۇبــەت يەتكۈزگۈچى

أَلْـــــضَّارُّ : دۇشمەنلىرىگـە ئـازاب ـ ئوقۇبـەت يـەتكۈزگۈچـى ئەلـلاھ دېگـەن مەنىدە. يەنى زىيان ۋە يامانلىقنى خالىغان كىشىگــە خــالىغىنىدەك بىكـتـكۈچـــى، سىنـاش يۈزىسـدىن كـەمبـەغەل قىلىدىغان، كېسەل قىلىدىغان ۋە بەختسىز قىلىدىغان، ئۆز ھېكمـەت ۋە خاھىشى بويىچە مەھرۇم قىلىدىغان زاتتۇر.

## 92. اَلنَّـــــافِعُ (ئـەننافىئۇ) – پـايدا يەتكۈزگۈچى

اَلنَّافِعُ: پايدا يەتكۈزگۈچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى دىن ۋە دۇنيالىق جەھەتتە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىدۇر. ئەللاھۇ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۆزىلا ساقلىق، بايلىق، بەخت ـ سائادەت ۋە مەنسەپ ئاتا قىلغۇچىدۇر.

## 93. اَلنُّوْرُ (ئەننۇۋرۇ) – نۇرلۇق

اَلــــنُّوْرُ: نۇرلـۇق، ئـۆزلۈكىدىن ئاشـكارە بولغۇچى ۋە ئۆزگىلەرنى ئاشكارە قىلغۇچى ئەللاھ دېگـەن مـەنىدە. يـەنى ئـۆز مـەجۇۋتلۇقى بىلـەن زاھىـردۇركى، شەيئىلەرگـە چىچىلىۋاتقـان پـۈتكۈل نۇرنىڭ ئاشكارا بولۇشى ئەللاھ بىلەندۇر. ئەللاھ پۈتكۈل زۇلمەتلەرنىڭ نۇرىدۇر. ئەللاھ ئۆزىنى يـاد قىلغۇچـى بەندىلــەرنىڭ قــەلبىنى ئـۆز زىكــرىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، تونۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى مەئرىپىتىنىڭ نـۇرى بىلـەن نۇرلاندۇرغـان زاتتۇر. ئــەللاھ ئاســمانلار ۋە زېمىنلارنىــڭ نۇرىــدۇر. ئـەللاھنىڭ ھىجـابى شـۇنداق نۇردۇركـى، ئەگـەر ئۇنـى ئاچسـا پـۈتكۈل شـەيئىنى كۆيدۈرۈۋەتكـەن بولاتتى.

## 94. أَلْهَادِيُ (ئەلهادىيۇ) – ھىدايەت قىلغۇچى

أَلْــهَـــــادِيُ: ھىدايــەت قىلغۇچــى ئەلــلاھ دېگــەن مەنــدە. يەنــى ئــۆز ھىدايىتــى بىلــەن ئازغۇنلارنــى توغــرا يولغا باشلايدىغان، خــاس بەندىلىرىنى ھېكمــەت ۋە مەرىپــەتكە يېتەكلەيدىغــان زاتتــۇر. ئــەللاھ پۈتكــۈل شەيئىگــە ئۆزىگــە خــاس ھايــات ئاتــا قىلىپ، ھىدايەت قىلغان زاتتۇر.

## 95. أَلْـــــــبَدِيعُ (ئەلبـــەدىئۇ)— ئۆزنەكسىز، يوقتىن بار قىلغۇچى

أَلْــــــبَدِيعُ: ئۆزنەكســز، يوقتـــن بــار قىلغۇچـى، ئـەللاھ دېگـەن مـەنىدە. يـەنى كەشپـــياتچىدۇركى، زاتـــى، سۈپـــتى، قىلمىشلىرىدا ئوخششى، تەڭدىشى يوقـتۇر. شـەيئىلەرنى ئۆرنـەك ئالمـاي، دورۇمـاي، سىناق قىلماي يارىتقان زاتتۇر.

## 96. أَلْبَــاقِيُ (ئـەلباقىيۇ) – مەڭگـۈ باقىي

أَلْبَــاقِيُ: مەڭگـۈ بـاقىي ئـەللاھ دېگـەن مـەنىدە. يـەنى ئـەللاھ پـۈتكۈل مـەخلۇقى تۈگىگـەندىن كېيىـنمۇ بـاقىيدۇر. مەڭگـۈ يوقالماسـتۇر. مـەۋجۇتتۇر ھـەم ئـەزەلى باقىيلىق بىلەن سۈپەتلەنگۈچىدۇر.

## 97. أَلْـــــــوَارِثُ (ئەلۋارىســــۇ) — يوقالماس ۋارىس

أَلْوَارِثُ: يوقالماس ۋارىس ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى بارلىق مەخلۇقلار، كائىناتلارنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى، ئىگىسى ئەللاھتۇر. چۈنكى، ئەللاھ مەخلۇقلار تۈگىگەندىن كېيىنمۇ باقىيدۇر. پۈتكۈل شەيئىنىڭ قاراگاھى ۋە ئاقىۋىتى ئەللاھقا باغلىقتۇر. ئەللاھ شۇ چاغدا دەيدۇكى: «بۈگۈن سەلتەنەت كىمنىڭ؟ يەككە - يېگانە ھەممىنى يەكسان قىلغۇچى ئەللاھنىڭدۇر».

## 98. اَلرَّشِيْدُ (ئەررەشىيدۇ) – توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى

اَلرَّشِيْدُ: توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئەللاھ توغرا ئىش قىلغۇچىدۇر. مۇكەممەل كامالەت، بۈيۈك ھېكمەت، بۈيۈك ئادالەت بىلەن سۈپەتلەنگۈچىدۇر. تەدبىرلىرى ھېچقانداق ياردەمچى، مەسلىھەتچىگە ئېھتىياجسىز ھالدا چەكسىز توغرىلىق بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

## 99. أَلصَّــــبُوْرُ (ئەسسەبۇۋرۇ) – ناھايىتى سەۋرچان

أَلصَّــبُوْرُ: ناھايىتى سەۋرچان ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئىنتىقام ئېلىشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. ئەللاھ ئىشلارنى ۋاقتىدىن بۇرۇن تۈتۈش قىلىشقا ئالدىرىمايدۇ. سەۋرچانلىقنىڭ ئەللاھنىڭ سۈپىتىدىكى مەنىسى: بارلىق مەخلۇققا سەۋرنى ئىلھام قىلغۇچى، مېھرىبان، دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاك، ئۇلۇغ، يەككە - يېگانە زاتتۇر.

قوشۇمچە: ألرَّبُّ (ئەررەببۇ) - تەربىيىلىگۈچى

ألرَّبُّ: تەربىيىلىگۈچى ئەللاھ دېگەن مەنىدە. يەنى ئەللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەممىگە مەلۇم بولغان توقسان توققۇز ئىسمدىن زىيادە ئىسىملارنىڭ بىرى. رەببۇ دېگەن، ھەممە بەندىسىنى تەدبىر ۋە تۈرلۈك نېئمەتلەر بىلەن تەربىيىلىگۈچى دېمەكتۇر. خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىلىرىنى قەلب - روھ ۋە ئەخلاقلىرىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن تەربىيىلىگۈچىدۇر.

# بوۋاقۋا ئىسىم قويۇش تەرتىپلىرى

پەرزەنت خۇشاللىقى ھەر قانداق ئاتا ــ ئانا ئۈچۈن چەكسىزدۇر. ئادەتتە كىشىلەر غەم قايغۇسىنى كۆز ياشلىرى بىلەن ئىپادىلىسە، خۇشاللىقنى كۈلكە بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بىراق، دەرىجىدىن تاشقىرى خۇشاللىقنىمۇ كۆز ياشلىرى بىلەن ئىپادىلەپ، ئاللاھقا تەشەككۈر ئېيتىدۇ. پەرزەنت خۇشاللىقى مۇشۇلار قاتارىدىن بولۇپ، ھەرقانداق رەھىمسىز، تاش يۈرەك ئاتا ـ ئانىمۇ بۇنداق خۇشاللىقنىڭ سىرتىدا ئەمەس. چۈنكى ئاتا ــ ئانىنىڭ ئەڭ

چوڭ ئارزۇسى ئۆزلىرىنىڭ ئىز باسارى بار بولسا، ئۆزلىرى ئاچ ـ زار، يىلىڭ بولسىمۇ پەرزەنتىنىڭ غېمىنى يەپ مەڭگۈ مىننەتسىز قۇلدەك ئىشلەپ پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەش، قاتارغا قوشۇش ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن يارامىلىق قىلىپ تەربىيلەش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ھەممە چەكلىك ئۆمرىدە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئارزۇ ئارمانلىرىنى ئۆزىنىڭ مىراسخورى بولغان، پەرزەنتىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنى يارامىلىق ئەۋلاتلاردىن قىلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ.

چۈنكى، ھەقىقىي بىلىمدىن خەۋەرسىز بۇ ئاتا ـ ئانا قىممەتلىك ئۆمرىنى ئويۇن ـ تاماشا، ھاۋايى ـ ھەۋەس بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئەقىل ھوشىنى تاپقاندا بەللىرىنىڭ مۈكچىيىپ

ئۆمرىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ چۆچۈپ كېتىدۇ. دە سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. ئاخىرى سەۋەبىنى تاپىدۇ. ئۇ بولسىمۇ تەربىيەسىزلىك ۋە بىلىمسىزلىك!. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟. ئۇ بىردىن بىر ئۆمىدىنى پەرزەنتىگە باغلايدۇ. ئۇ تەربىيە ۋە بىلىمنىڭ ئىنساننى بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا ھەقىقىي بەختكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنْسَانِ اِلَّامَاسَعَى وَاَنَّ سَعْيَهُ سَوْفَ يُرَى ثُمَّ يُجْزَاهُ الْجَزَاءَ الْاَوْفَى﴾ «ئىنسان پەقەت تىرىشقان نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى پات ئارىدا كۆرۈلىدۇ، ئاندىن تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق

جازا بېرىدۇ.» (سۈرە نەجم 39-، 41-ئايەتلەر) نىداسىدىن ئىبارەت پارلاق يولنى تونۇۋالدى.

يېڭى ھاياتلىق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىنىڭ دۇچ كېلىدىغىنى قايسى ئىسىمنى قويۇش، قايسى تەرتىپ بىلەن قويۇش مەسىلىسىدۇر. قويۇلىدىغان ئىسىم قولاققا يېقىملىق بولغاندىن سىرت، مەنىسىنىڭ ياخشى بولۇشى ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ اَلَكُمْ تُدْعَوْنَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِأَسْمَاءِ كُمْ وَاَسْمَاءِ آبَائِكُمْ، فَأَحْسِنُوْا اَسْمَاءَ كُمْ. رَوَاهُ اَبُوْ دَاوُدَ.

پەيغەمبىرىمىز: «سىلەر قىيامەت كۈنى ئۆزۈڭلار ۋە ئاتاڭلارنىڭ ئىسمى بىلەن

چاقىرىلىسىلەر، شۇڭا، ئىسمىڭلارنى ياخشى قويۇڭلار»، دېگەن. (سۇنەنۇ ئەبى داۋۇد تىن)

تۆۋەندە ئىسىم قويۇش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى قىسقىچە چۈشەندۈرىمىز.

**1. بوۋاق تۇغۇلغاندا خۇش ـ خەۋەر يەتكۈزۈش ھەم مۇبارەكلەش**

خەلقىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن بىرى، بوۋاق تۇغۇلغاندا خۇش ـ خەۋەر يەتكۈزۈش ۋە مۇبارەكلەش. ئەگەر بىرىنىڭ ئايالىنىڭ يەڭگىلىكىدىن خەۋەر تاپقان كىشى ھامان ئۇ كىشىگە خۇش ـ خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئالدىرايدۇ. بۇ، ئۇ كىشىگە خۇرسەنلىك ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە ئۇ كىشى بىلەن شۇنداقلا، ئائىلىلەر ئارا دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ

كۆچىيىشىگە پايدىلىق. ئەگەر كېيىن خەۋەر تېپىپ قالسا، ئەر-ئايالنى مۇبارەكلەيدۇ. بۇۋاقتا ئاللاھتىن ئۆزۈن ئۆمۈر، ئىنساپ-تەۋپىق، بەخت-سائادەت تىلەپ خۇشاللىقنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەقتە مۇنۇ ئايەت بار:

﴿... فَبَشَّرْنَاهَا بِإِسْحَقَ وَمِنْ وَرَاءِ إِسْحَقَ يَعْقُوبَ﴾

«بىز ئۇنىڭغا (ئىبراھىمنىڭ ئايالى سارەگە) ئىسھاق (ئىسمىلىك) بالىسىنىڭ بولىدىغانلىقى بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئىسمىلىك نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش بىشارەت بەردۇق».

(سۈرە ھۇد 71- ئايەت)

بۇۋاق تۇغۇلغان ھامان (كىم بولسا بولۇۋېرىدۇ) قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىلىدۇ

بـۇ ھەقتـە. عَنْ أَبِيْ رَافِعٍ قَالَ رَأَيْتُ النَّبِي ﷺ أَذَّنَ بِالصَّلاَة فِى اُذُنِ الْحُسْنِ بْنِ عَلِي حِيْنَ وَلَدَتْهُ فَاطِمَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمْ. رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ وَ أَبُودَاوُدَ وَ احْمَدُ.

ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئوغلى ھەسەن ئىبنى ئەلىنى تۇغقاندا رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەزان (نامازغا ئېيتىلىدىغان)ئېيتقانلىقىنى كۆرگەن. (جامىئۇت تىرمىزى، سۈننەنۇ ئەبى داۋۇد تىن).

عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ انَّ رَسُوْلَ اللهِ ﷺ أَذَّنَ فِى أُذُنِ الْحَسَنِ بنِ عَلي يَوْمَ وِلِدَ. وَقَامَ فِي أُذُنِه الْيُسْرَى رَوَاهُ الْبَيْهَقِيُّ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبىرىمىز نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇغۇلغان كۈنى ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا

تەكبىر ئېيتقان (شۇ ئەبۇلئىماندىن).

ئەرزان دېگىنىمىز، ئەللاھۇ ئەكبەر (تۆت قېتىم)، ئەشھەدۇئەنلائىلاھە ئىللەللاھ (ئىككى قېتىم)، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ (ئىككى قېتىم)، ھەييى ئەلەسسەلات (ئىككى قېتىم)، ھەييى ئەلەلفەلاھ (ئىككى قېتىم)، ئەللاھۇ ئەكبەر (ئىككى قېتىم)، لائىلاھە ئىللەللاھ (بىر قېتىم) ئوقۇلىدۇ.

تەكبىر دېگىنىمىز ئەزاندىكى سۆزلەر تېزراق ئوقۇلىدۇ. ھەمدە «ھەييى ئەلەلفەلاھ» تىن كېيىن «قَدْ قَامَتِ الصَّلَوةُ – قەدقامەتىسسالات» ئىككى قېتىم قوشۇپ ئېيتىلىدۇ.

ئەزاننىڭ ئەرەبچە ئوقۇلۇشى:

اَللّٰهُ اَكْبَرُ

أَشْهَدُ أَنْ لاَإِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ

أَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَّسُوْلُ اللّٰهِ

حَيِّ عَلَى الصَّلٰوةِ

حَيِّ عَلَى الْفَلاَحِ

أَللّٰهُ أَكْبَرُ

لاَإِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ.

ئـەزانىنىڭ تەرجىمىسـى: ئـەللاھ بۈيۈكـتۇر، گـۇۋاھلىق بېرىمـەنكى، ئـەللاھتىن باشـقا ھـېچ ئىلاھ يوقتۇر. گۇۋاھلىق بېرىمـەنكى، مۇھەممـەد ئەلەيھىسسالام ئەللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. نامازغا كېلىـڭلار، نىجادلىققـا كېلىـڭلار. (تـەكبىردە قوشـۇلغان «قـەد قامەتىسسـەلات» نىـڭ تەرجىمىسى: نامازغا تۇرىدىغان ۋاقىـت بولـۇپ قالدى.) ئەللاھ ئۇلۇغدۇر. ئەللاھتىن باشقا ھـېچ ئىلاھ يوقتۇر.

ئـەزاننىڭ دۇئاسـى: ئەللاھۇممـە رەببـە ھـازىھىد دەئۋەتىتتا ممـە. ۋەسسـەلاتىل قائىمـە. ئـاتى مۇھەممـەدىل ۋەسـىيلەتە ۋەلپـەزىيلە. ۋەبئەسھۇ مەقامەم مەھمۇدەللەزى ۋەئەدتە.

ئەرەبچە ئوقۇلۇشى:

أَللّٰهُمَّ رَبَّ هٰذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلٰوةِ الْقَائِمَةِ اٰتِ مُحَمَّدًا الْوَسِيْلَةَ وَالْفَضِيْلَةَ وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَّحْمُوْدَا الَّذِي وَعَدْتَهُ.

تەرجىمىسى: ئى ئەللاھ، سەن كامىل ئەزاننىڭ ۋە ھازىرقى نامازنىڭ ئىگىسسەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جەننەتتىكى يۇقىرى ئورۇننى ۋە ئالىي مەرتىۋىنى بەرگىن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزۈڭ ۋەدە قىلغان بۇيۇك (شاپائەت قىلىش) ماقامىغا ئەۋەتكىن.

2. ئىغىزلاندۇرۇش

«ئىغىزلاندۇرۇش» دېگىنىمىز، چاينالغان نەرسىنى بوۋاقنىڭ ئاغزىغا سىلىپ ئاغزىنى ھەرىكەتلەندۇرۇش دېگەنلىكتۇر. بوۋاق شۇ

نەرسىنى يۇتقۇچەئۇنى ئۇڭ ـ سولغا ئاستا ئاستا ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۈرۈشتۇر. بۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ ئېغىز بوشلۇقى تىل ھەرىكىتى ئارقىلىق كۈچلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانىسىنى ئېمىشتە قىينالماي ياخشى ئېمەلەيدۇ. بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرغاندا ئەڭ ياخشىسى سالىھ، تەقۋا كىشىنىڭ ئېغىزلاندۇرغىنى ياخشى. بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىس شەرىف بار:

عَنْ أَبِيْ مُوْسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: وُلِدَ لِي غُلاَمٌ فَأَتَيْتُ بِهِ النَّبِيَّ ﷺ فَسَمَّاهُ اِبْرَاهِيْمَ فَحَنَّكَهُ بِتَمْرَةٍ وَدَعَا لَهُ بِالْبَرَكَةِ رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ وَ مُسْلِمٌ وَ اَحْمَدُ.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مېنىڭ پەرزەنتىم تۇغۇلغاندا، ئۇنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردىم.

پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ئىبراھىم دەپ ئىسىم قويۇپ بولۇپ، خورما بىلەن ئېغىزلاندۇردى ۋە ئۇ بالا ئۈچۈن بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى.

(سەھىھۇلبۇخارىي، سەھىھۇلمۇسلىم ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن)

**3. بوۋاقنى ئىسىم قويۇش:**

بوۋاق يەتتىنچى كۈنى ئىسىم قويۇلىدۇ. (تۇغۇلغان كۈنى ئىسىم قويۇلمىغان بولسا).

بۇ ھەقتە: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ اَلْغُلَامُ مُرْتَهَنٌ بِعَقِيْقَتِهِ يُذْبَحُ عَنْهُ يَوْمَ السَّابِعِ وَيُسَمَّى وَيُحْلَقُ رَأْسَهُ. رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ وَ أَحْمَدُ وَ أَيْضًا قَالَ: رَسُوْلُ اللهِ ﷺ كُلُّ غُلَامٍ رَهِيْنَةٌ، بعقيقته تُذْبَحُ عنه يومُ سابعه، ويحلق رأسه ويُسَمَّى. رواه أبو داود والنسائي و ابن ماجة و أحمد.

پەيغەمبىرىمىز: «بارلىق تۇغۇلغان بوۋاق ئەقىقىسىگە گۆرە قويۇلغان. 7- كۈنى (قوي) بوغۇزلىنىدۇ، ئىسىم قويۇلىدۇ، چېچى چۈشۈرۈلىدۇ». (جامىئۇت تىرمىزى، مۇسنەدۇ ئەھمەد تىن) (يەنە بىر ھەدىستە: بارلىق تۇغۇلغان بوۋاق ئەقىقىسىگە گۆرە قويۇلغان. 7- كۈنى قوي بوغۇزلىنىدۇ، چېچى چۈشۈرۈلىدۇ، ئىسىم قويۇلىدۇ، دېيىلگەن.) (سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد، سۈنەنۇن نەسەئى، سۈنەنۇئىبنى ماجە، مۇسنەدۇ ئەھمەد)

ئىسىم قويۇشقا ئادەتتە بىلىملىك، تەقۋا كىشىنى چاقىرىتىپ قويغۇزىدۇ. ئەگەر زۆرۈر بولۇپ، قالسا، ئاتىسى ئۆزى قويسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئىسىم قويغۇچى ئاۋۋال تاھارەت ئېلىپ ئاندىن ئىسىم قويۇشى كېرەك. ئىسىم قويغۇچى بوۋاق تۇغۇلۇپلا ئىسىم قويماقچى

بولسا، بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، خورمىنى (ياكى شۇنىڭدەك تاتلىق يېمەكلىكنى) ئاغزىدا چايناپ ئاندىن بوۋاقنىڭ ئاغزىغا سىلىپ ئېغىزلاندۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن ئىسىم قويىدۇ. يەنى: ئەئۇۋزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىيم، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم دەپ بولۇپ. ئاندىن ئىسىم قويىدۇ.

ئەرەبچە ئوقۇلۇشى: أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ، بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيْمِ. بۇ مۆئمىن مۇسۇلمان بوۋاقنىڭ ئىسمى پاك بولسۇن دەيدۇ. ئاندىن بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ. ئەللاھۇممە بارىك فيھى ۋەلاتەزۇررەھۇ. ئەللاھۇممە ئەئىنھۇ ئەلا زىكرىكە ۋەشۇكرىكە ۋە ھۇسنى ئىبادەتىكە.

ئەرەبچە ئوقۇلىشى:

أَللّٰهُمَّ بَارِكْ فِيْهِ وَلَاتَضُرُّهُ. أَللّٰهُمَّ أَعِنْهُ عَلَى

ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ.

تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، بوۋاقنى زىيان - زەخمەت يېتىشتىن ساقلاپ ئۆزىنىڭغا (ئۆمرىگە) بەرىكەت ئاتا قىلغايسەن. ئى ئاللاھ، بوۋاقنىڭ سېنى زىكرى قىلىشىغا، ساڭا تەشەككۈر ئېيتىشىغا، ئىبادىتىڭنى ياخشى قىلىشىغا ياردەم بەرگەيسەن.

## 4. بوۋاقنىڭ ئەقىقىسىنى قىلىش

ئەقىقە دېگەنلىك بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى قوي سويۇپ بوۋاقنى قۇتلۇقلاشتۇر.

بۇ ھەقتە: قال رسول الله ﷺ مَعَ الْغُلَامِ عَقِيْقَةٌ، فَاَهْرِيْقُوْا عَنْهُ دَمًا، وَاَمِيْطُوْا عَنْهُ الاَذَي. رواه البخارى و الترمذى و ابو داود، و ابنو ماجة و احمد و الدارمي.

پەيغەمبەرىمىز: «بوۋاقنىڭ ئەقىقىسىنى قىلىش، ئۇنىڭ ھەققىدە ئەللاھقا ئاتاپ قان ئاقۇزۇش، شۇ ئارقىلىق بوۋاققا كېلىدىغان ئازارنى يىراق قىلىش كېرەك» دېگەن. (سەھىھۇلبۇخارى، جامىئۇت تىرمىزى، سۇنەنۇ ئەبى داۋۇد، سۇنەنۇننەسەئى، سۇنەنۇ ئىبنى ماجە ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەد دىن)

ۋە يەنە: اَمَرَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ بِتَسْمِيةِ الْمَوْلُوْدِ يَوْمَ سَابِعِهِ وَوَضْعِ الأَذَى عَنْهُ وَالْعَقِّ. رَوَاه التِّرْمِذِيُّ.

پەيغەمبەرىمىز: 7- كۈنى بوۋاققا ئىسىم قويۇشنى، شۇ ئارقىلىق ئازارنى يىراق قىلىشنى ۋە ئەقىقە قىلىشنى بۇيرىدى. (جامىئۇت تىرمىزىدىن)

ۋە يەنە: اَمَرَنَا رَسُوْلُ اللهِ ﷺ اَنْ نَعُقَّ عَنِ الْغُلَامِ شَاتَيْنِ وَعَنْ الْجَارِيَةِ شَاةً. رواه التِّرْمِذِيُّ وَ ابْنُ مَاجَةَ.

پەيغەمبىرىمىز: ئوغۇل پەرزەنتكە ئىككى قوي، قىز پەرزەنتكە بىر قوي ئەقىقە قىلىشىمىزنى بۇيرىدى. (جامىئۇت تىرمىزى؛ سۈنەنۇ ئىبنى ماجە دىن)

ۋە يەنە: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ اَلْغُلاَمُ مُرْتَهَنٌ بِعَقِيْقَتِهِ يُذْبَحُ عَنْهُ يَوْمَ السَّابِعِ وَيُسَمَّى وَيُحْلَقُ رَأْسُهُ. رَوَاهُ التِّرْمِذِي وَ أَحْمَدُ.

پەيغەمبىرىمىز: «ھەر قانداق بوۋاق ئەقىقىسىگە باغلىق. يەتتىنچى كۈنى ئەقىقىسى قىلىنىدۇ، ئىسمى قويۇلىدۇ (ئەگەر بىرىنچى كۈنى ئىسىم قويۇلمىغان بولسا)، چېچى چۈشۈرۈلىدۇ»، دېگەن. (جامىئۇت تىرمىزى، مۇسنەدۇ ئەھمەد تىن)

قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ: عَنِ الْغُـلاَمِ شَـاتَانِ وَعَـنِ الْجَارِيَةِ شَاةٌ، لاَيَضُرُّكُمْ ذُكَرَانًا كُنَّ اَمْ اَنَاثًـا رواه التِّرْمِذِيُّ و النَّسائِيُّ وَ اَبُوْ دَاوُدَ، وَ ابْنُ مَاجَةَ و الدَّارمِيُّ

پەيغەمبىرىمىز: «ئوغـۇل پەرزەنتكە ئىككى قوي، قىز پەرزەنتكە بىر قوي ئەقىقە قىلىش كېرەك. سىلەرنى بوۋاقىڭ ئوغـۇل ياكى قىز تۇغۇلـۇپ قېلىشـى ئـەقىقىدىن توسـۇپ قويمىسۇن»، دېدى.

(جامىئۇت ترمىزى، سۇنەنۇ ئەبى داۋۇد، سۇنەنۇن نەسەئى، سۇنەنۇ ئىبنى ماجە ۋە مۇسنەدۇد دارىمىدىن)

بىر قوي ئەقىقە قىلىش توغرىسىدىمۇ مۇنداق ھەدىس شەرىف بار: اِنَّ رَسُوْلَ اللهِ ﷺ عَـقَّ عَـنِ الْحَسَنِ بْنِ عَلَى بِشَاةٍ. رَوَاهُ التِّرْمِذِيُّ

پەيغەمبىرىمىز ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ ئەقىقىسى ئۈچۈن بىر قوي ئۆلتۈرگەن.

(جامىئۇت تىرمىزى دىن)

(يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن ئوغۇل پەرزەنت ئۈچۈن ئىككى قوي ئەقىقە قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكى، بىر قوي ئەقىقە قىلىسمۇ بولىدىغانلىقى مەلۇم.)

ئەقىقە قىلىشنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا مۇنداق ھەدىس بار: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ اَلْعَقِيْقَةُ تُذْبَحُ لِسَبْعٍ، وَلاَ رَبْعِ عَشَرَ، وَلاِحْدَى وَعِشْرِيْنَ رواه اَلْبَيْهَقِيُّ وَ السُّيُوْطِيُّ.

پەيغەمبىرىمىز: 7 - ، 14 - ۋە 21 - كۈنلىرى ئەقىقىسى قىلىنىپ قوي بوغۇزلىنىدۇ، دېگەن. (سۇنەنۇلبەيھەقى، جامىئۇسسەغىرىدىن).

ئەقىقە قىلىنىدىغان قوي قوچقار بولۇشى،

ئاقساق، چولاق بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ.

ئەقىقە قىلىش بولسا، بوۋاقنىڭ بونىڭدىن كېيىن يېشىغا كېلىدىغان ھەرخىل ئاپەتلەردىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن فىدىيە بېرىش بولۇپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئۆلۈمنى بىر قوچقار قۇربانلىق قىلىش بىلەن قۇتقۇزۇپ قىلىنغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. قوي بوغۇزلاش توغرىسىدا مۇنداق ھەدىس شەرىف بار: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ اذْبَحُوا عَلَى اسْمِهِ فَقُوْلُوا: بِسْمِ اللهِ، اَللّٰهُمَّ لَكَ وَاِلَيْكَ، هَذِهِ عَقِيْقَةُ فُلَانٍ. رَوَاهُ ابْنُ حِبَّانَ وَ أَبُو يَعْلَى وَالْبَزَّارُ وَابْنُ الْمُنْذِرِ.

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: ئەقىقىنىڭ قويىنى بوۋاقنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ بىسمىللاھ، ئى ئاللاھ، بۇ قويىنى سەن ئۈچۈن سويدۇم، پالانى بوۋاقنىڭ ئەقىقىسى دەپ

بوغۇزلاڭلار، دېگەن. (سەھەر ئىبنى ھىببان، مۇسنەدۇ ئەبى يەئلا، سۇنەنۇلبەززار ۋە سۇنەنۇ ئىبنى مۇنزەر دىن)

ئەقىقە قىلغاندا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان دوستلىرىنى ئەقىقە مۇراسىمىغا چاقىرىپ خۇشاللىقنى ئۇلارنىڭ بىلەن شېرىك قىلسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەقىقە گۆشىدىن يېقىنلىرىغا، يېقىرلارغا سەدىقە قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇراسىم تۆۋەندىكى قائىدىگە ئۇيغۇن زىياپەتلەر قاتارىدا:

1) ئەلقىرا (ئىككى مېھماننىڭ زىياپىتى).

2) تۆھپە (يوقلاپ كەلگەن مېھماننىڭ زىياپىتى).

3) خۇرس (تۇغۇلغان بوۋاق زىياپىتى).

4) مەئدۇبە (چاي زىياپىتى).

5) ۋەلىمە (توي زىياپىتى).

6) ئەقىقە (بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى قوي سويۇلىدىغان زىياپەت).

7) غەدىرە (خەتنە زىياپىتى).

8) ۋەزىمە (ماتەمدارلارغا بېرىلىدىغان تاماق).

9) نەقىئە (سەپەردىن قايتىش زىياپىتى).

10) ۋەكىرە (قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈش زىياپىتى).

## 5. بوۋاقنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈش

پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدە بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى چېچى چۈشۈرۈلۈپ، چېچىنىڭ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش سەدىقە قىلىناتتى. بۇ توغرىدا مۇنداق ھەدىس شەرىف بار: انَّ النَّبِي ﷺ قَالَ: «يَا فَاطِمَةُ، احْلقِىْ رَأسَ الْحَسَنِ وَتَصَدَّ قِىْ بِزَنَةِ شَعْرِه فِضَّةً» (رَاوَه التِّرْمِذِىُّ وِ مَالِكٌ)

پەيغەمبىرىمىز قىزى پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «ئى پاتىمە، ھەسەننىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋەت، چاچنىڭ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش سەدىقە قىلغىن» دېگەن. (جامىئۇتتىرمىزى، مۇۋەتتا مالىكتىن)

بۇنىڭ ھېكمىتى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ:

1) تىببىي ھېكمەت: چاچنى دەسلەپتە چۈشۈرۈش ئارقىلىق بالىنىڭ باش تېرىسىنى كۈچلەندۈرۈش، چاچ چىقىدىغان تۆشۈكچىلەرنى ئېچىش، شۇ ئارقىلىق بالىنىڭ كۆرۈش، پۇراش ۋە ئاڭلاش تۇيغۇلىرىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىقلار.

2) ئىجتىمائىي ھېكمەت: كۈمۈش سەدىقە قىلىش ئارقىلىق كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنداقلا كىشىلەر ئارىسىدا

بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش ۋە رەھىم ـ شەپقەت قاتارلىقلارنىڭ ئاساسى بەرپا بولىدۇ.

بوۋاقنىڭ چېچىنىڭ ئۇ يەر بۇ يېرىنى چۈشۈرۈش ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان «ئادىللىق» دىگەن ئۆلچەمگە توشمايدۇ. ئىنسان باشقىلارغا ئادىللىق قىلىشقا بۇيرۇلۇش بىلەن بىرگە، ھەتتا ئۆز بەدىنىدىكى ئەزالارغىمۇ ئادىللىق قىلىشقا بۇيرۇلغان. شۇڭا باشنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرۈپ، بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويۇش چاچقا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ھەدىس شەرىفتە: كَانَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ يَنْهَى عَنِ الْقَزَعِ. رواه الْبُخَارِيُّ وَ مُسْلِمٌ وَ التِّرْمِذِيُّ وَ أَبُو دَاوُدَ وَ النَّسَائِيُّ وَ ابْنُ مَاجَةَ وَ أَحْمَدُ. پەيغەمبىرىمىز

«پەيغەمبىرىمىز كۆكۈلا قويۇشتىن چەكلىگەن ئىدى». (سەھىھۇلبۇخارى، سەھىھۇلمۇسلىم، جامىئۇتتىرمىزى، سۇنەنۇ ئەبى داۋۇد، سۇنەنۇننەسەئى، سۇنەنۇ ئىبنى ماجە ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەد تىن) يەنە: نَهَى رَسُوْلُ اللهِ ﷺ اَنْ يَقْعُدَ بَيْنَ الظِّلِّ وَالشَّمْسِ. رَوَاه اِبْنُ مَاجَةَ پەيغەمبىرىمىز سايە بىلەن ئاپتاپ ئارىسىدا ئولتۇرۇشتىن چەكلىگەن

(سۇنەنۇ ئىبنى ماجەدىن)

يەنە: قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ اِذَا انْتَعَلَ اَحَدُكُمْ فَلْيَبْدَا بِالْيُمْنَى وَاِذَا خَلَعَ فَلْيَبْدَاْ بِالشِّمَالِ وَلْيَنْعَلْهُمَا جَمِيْعًا اَوْ لِيَخْلَعْهُمَا جَمِيْعًا رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ وَ مُسْلِمُ وَ التِّرْمِذِيُّ وَ اَبُو دَاوُدَ وَ اِبْنُ مَاجَةَ وَ أَحْمَدُ

وَ مَالِكٍ.

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاياغ كىيسە، ئوڭ پۇتىدىن باشلىسۇن. ئاياغنى سالماقچى بولسا، سول پۇتىدىن باشلىسۇن. ئاياغنى ئىككى پۇتىغا بىراقلا كىيسۇن ياكى بىراقلا سېلىۋەتسۇن».

(سەھىھۇلبۇخارىي، سەھىھۇلمۇسلىم، جامىئۇتتىرمىزىي. سۇنەنۇ ئەبى داۋۇد، سۇنەنۇ ئىبنى ماجە، مۇسنەدۇ ئەھمەد ۋە مۇۋەتتا مالىكتىن).

بۇنىڭدىكى يەنە بىر ھېكمەت شۇكى، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ جەمئىيەتتە كۆرۈنۈشى رەتلىك، پاكىزە، باشقىلارغا ياخشى تەسىر بېرىدىغان بىجىرىم ھالەتتە بولۇشى تەكىتلىنىدۇ. بۇ ھەقتە:

عَنْ مَالِك بْنِ نَضْلَةَ قَالَ كُنْتَ جَالِسًا عِنْدَ رَسُوْلِ ﷺ فَرَآنِىْ رَثَّ الثِّيَابِ فَقَالَ: «أَلَكَ مَالٌ؟» قُلْتُ: نَعَمْ، يَا رَسُوْلُ اللهِ ﷺ مِنْ كُلِّ الْمَالِ . قَالَ: «فَإِذَا آتَاكَ اللهُ مَالاً فَلْيُرَ أَثَرُهُ عَلَيْكَ» رَوَاهُ النَّسَائِىْ وَ أَبُوْ دَاوُدَ وَ أَحْمَدُ.

مالىك ئىبنى نەزلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. رەسۇلۇللاھ مېنىڭ كىيىمىمنىڭ كونا - يىرتىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ: «مال - مۈلكىڭ بارمۇ؟» دېدى. مەن: مال - مۈلكىم كۆپ، دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «ئەگەر ئەللاھ ساڭا مال مۈلۈك بەرسە سەندە ئۇنىڭ ئەسىرى كۆرۈلۈشى (كىيىم - كېچىكىڭ ياخشى

بولۇشى) كېرەك» دېگەن. (سۈنەنۇن نەسەئى، سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن)

شۇڭا چېچىنىڭ ئۇ يەر بۇ يەرلىرىنىڭ چۇشۇرۇلمەي قېلىشى بوۋاقنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن تازا ياقتۇرۇلماي قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

بوۋاقلارنىڭ چېچى ئۇچۇن تۆۋەندىكى ھەدىس شەرىفتە :

اِنَّ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ رَأَى صَبِيًّا حُلِقَ بَعْضُ رَأْسِهِ وَتُرِكَ بَعْضُهُ فَنَهَى عَنْ ذَلِكَ وَقَالَ اِحْلِقُوْهُ كُلَّهُ اَوِاتْرُكُوْهُ كُلَّهُ. رَوَاهُ النَّسَائِيُّ وَ اَبُوْ دَاوُدَ وَ اَحْمَدُ.

پەيغەمبىرىمىز: بىر بوۋاقنىڭ چېچىنىڭ يېرىمى چۈشۈرۈلۈپ، يېرىمى چۈشۈرۈلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن چەكلىدى. ۋە: «بوۋاقنىڭ چېچىنى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈڭلار ياكى ياكى پۈتۈنلەي قويۇڭلار» دېگەن.

عَنْ عَبْدِاللهِ بْنِ جَعْفَرٍ اِنَّ النَّبِيَّ ﷺ اَمْهَلَ آلَ جَعْفَرٍ ثَلاثًا اَنْ يَأْتِيَهُمْ ثُمَّ اَتَا هُمْ فَقَالَ لاتَبْكُوْا عَلَى اَخِي بَعْدَ الْيَوْمَ ثُمَّ قَالَ اُدْعُوا لِيْ بَنِي اَخِي. فَجِيئَ بِنَا كَاَنَّا اَفْرُخٌ فَقَالَ اُدْعُوا لِي الْحَلاَّقَ فَأَمَرَهُ فَحَلَقَ رُؤُسَنَا رَوَاهُ اَبُوْ دَاوُدَ وَ أَحْمَدُ.

ئابدۇللا ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبىرىمىز جەئفەر

ئائىلىسىگە ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن يېنىغا بېرىشنى ئېيتتى.

كېيىن بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىز: «قېرىندىشىمغا بۈگۈندىن كېيىن يىغلىماڭلار»، دەپ بولۇپ، ئاندىن: «قېرىندىشىمنىڭ باللىرىنى يېنىمغا ئەكىلىڭلار»، دېدى. بىزنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بەئەينى چۈجىلەردەك ئېلىپ كېلىندۇق. پەيغەمبىرىمىز: «ماڭا ساتىراشنى چاقىرىپ بېرىڭلار»، دەپ ساتىراچقا چېچىمىزنى چۈشۈرۈۋېتىشنى بۇيرىدى. ساتىراچ بىزنىڭ چېچىمىزنى چۈشۈرىۋەتتى. (سۇنەنۇ ئەبى داۋۇد ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن).

## 1. بالاغەتكە يەتكەن كىشىلەر چاچ شەكلى

بۇ توغرىدا مەشھۇر مۇھەددىس ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزى مۇنداق دېگەن: بالاغەتكە يەتكەن كىشىلەرنىڭ چاچ ئالدۇرۇش شەكلى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

1- ھەج ۋە ئاللاھقا يېقىنلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن.

2 - بىدئەت ۋە شېرىك ئىشلار ئۈچۈن.

3 - ئېھتىياج ۋە داۋالاش ئۈچۈن.

بىرىنچى، ھەج ۋە ئۆمرەدىن ئىبارەت ئىككى ئىبادەتنىڭ بىرىدە چاچ ئالدۇرۇش. (سەھىھۇلبۇخارىي. سەھىھۇلمۇسلىم، جامىئۇتتىرمىزىي، سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد، سۈنەنۇ ئىبنى ماجە، مۇسنەدۇ ئەھمەد ۋە مۇۋەتتا مالىكتىن)

ئىككىنچىسى. ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن چاچ ئالدۇرۇش.

مەسىلەن، مۇرتلارنىڭ شەيخلىرىغا ئاتاپ چاچ ئالدۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ: مەن چېچىمنى پالانى ئۈچۈن ئالدۇردۇم. سەن پالانىغا ئاتاپ ئالدۇردۇڭ. دېگىنىگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ: مەن پالانىغا سەجدە قىلدىم، دېگەنگە ئوخشاشتۇر. شۈبھىسىزكى، بىراۋغا ئاتاپ چاچ ئالدۇرۇش بولسا؛ بويۇن ئېگىش، قۇللۇق ۋە خارلىقتۇر. شۇڭا. چاچ ئالدۇرۇش ھەج ئىبادىتىنىڭ بىر قىسمى، ھەتتا ئىمام شافىئى: چاچ ئالدۇرۇش ھەجنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسلىق رۆكنلىرىدىن بىرى دەپ قارىغان.

باشنى بۇيۇكلۇكىگە بوي ئېگىپ ئۆز يارانقۇچىسىنىڭ ئالدىغا قويۇش بولسا. ئۇ بەندىچىلىكنىڭ ئالامىدە بىر تۈرىدۇر.

ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن ئاتاپ چاچ ئالدۇرۇش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر. مانا بۇ. چەكلەنگەن چاچ ئالدۇرۇش شەكلىدۇر.

ئۈچىنچى، ئېھتىياج ۋە داۋالاش ئۈچۈن. يەنى باش تېرىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرخىل تۈردىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئېھتىياجى ئۈچۈن ياكى پىت - بۈرگىلەر سەۋەبىدىن چاچ ئالدۇرۇش. (سەھىھۇلبۇخارىي، سەھىھۇلمۇسلىم،

جامىئۇتتىرمىزبى، سۈنەتۇ ئەبى داۋۇد ۋە سۈنەنۇننەسەئىيدىن)

بۇ شەرىئەت يول قويغان چاچ ئالدۇرۇش شەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر. (زادۇلمەئادتىن)

مۇھەددىس ئىمام ئەۋەۋى مۇنداق دېگەن: پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ۋاپات بولغۇچە ھۇدەيبىيە يىلى، ھەج ئۆمرىنىڭ قازاسىنى قىلغاندا ۋە ۋىدالىشىش ھەججىدىن باشقا ۋاقىتتا چېچىنى چۈشۈرمىگەن.

مۇھەددىس ئىبنى قەييىم جەۋزى مۇنداق دېگەن: پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەججىدىن باشقا ۋاقىتتا چېچىنى چۈشۈرگەنلىكىگە قارىتا ھەدىس شەرىق يوق. (زادۇلمەئادتىن)

چاچ قويغان كىشى چېچىنى داۋاملىق پاكىزە تۇتۇپ يۈرۈش كېرەك. بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىس

شەرىق بار:

قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ مَنْ كَانَ لَهُ شَعَرٌ فَلْيُكْرِمْهُ رَوَاهُ اَبُو دَاوُدَ.

پەيغەمبىرىمىز: «چاچ قويغان كىشى ئۇنى (يۇيۇپ، تاراپ) ياخشى پەرۋىش قىلسۇن» دېگەن. (سۈنەنۇ ئەبىي داۋۇدتىن).

ۋە يەنە: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ: اَلْغُسلُ يَوْمَ الْجُمْعَةِ وَاجِبٌ عَلَى كُلِّ مُحْتَلِمٍ. رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ وَ مُسْلِمٌ وَ النَّسَائِيُّ وَ أَبُوْ دَاوُدَ وَ اِبْنُ مَاجَةَ و اَحْمَدُ وَ مَالِكٌ وَ الدَّارِمِيُّ.

پەيغەمبىرىمىز: «ھەر جۈمە كۈنى بالاغەتكە يەتكەن كىشىنىڭ غۇسلى قىلىشى (يۇيۇنۇشى) ۋاجىپ»، دېگەن. (سەھىھۇلبۇخارىي، سەھىھۇلمۇسلىم، سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد.

سۈننەنۇننەسەئىي، سۈننەنۇ ئىبنى ماجە، مۇسنەدۇ ئەھمەد، مۇئەتتا مالىك ۋە سۈننەنۇددارىمىيدىن)

كَانَ رَسُولُ اللهِ ﷺ يَسْدِلُ شَعْرَهُ وَكَانَ الْمُشْرِكُونَ يَفْرُقُونَ رُؤُسَهُمْ فَكَانَ اَهْلُ الْكِتَابِ يَسْدِلُوْنَ رُؤُسَهُمْ وَكَانَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ يُحِبُّ مُوَافَقَةَ اَهْلِ الْكِتَابِ فِيْمَا لَمْ يُؤْمَرْ فِيْهِ بِشَيْئٍ ثُمَّ فَرَقَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ رَأْسَهُ. رواه الْبُخَارِىُّ وَ مُسْلِمٌ وَ النَّسَائِىُّ وَ اِبْنُ مَاجَةَ وَ اَحْمَدُ.

پەيغەمبىرىمىز چېچىنى تەبىئىي (پېشانىسى تەرەپكە) قويۇپ بېرەتتى، مۇشرىكلار چېچىنى ئايرىيتتى. ئەھلى كىتاب

چېچىنى تەبئىي (پېشانىسى تەرەپكە) قويۇپ بېرەتتى. پەيغەمبىرىمىزگە بۇيرۇق چۈشمىگەن مەسىلىلەردە ئەھلى كىتاب بىلەن ئورتاقلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇيرۇق چۈشكەندىن كېيىن (ئەھلى كىتابقا ئوخشاپ قالماسلىقنى توغرىسىدىكى بۇيرۇق) چېچىنى (ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ) ئايرىدى.

(سەھىھۇلبۇخارى، سەھىھۇل مۇسلىم، سۈنەنۇن نەسەئى، سۈنەنۇ ئىبنى ماجە ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەد تىن)

انَّ رَجُلاً اِطَّلَعَ مِنْ حُجْرٍ فِى دَارِ رَسُوْلِ اللّٰهِ ﷺ وَ رَسُوْلُ اللّٰهِ ﷺ يَحُكُّ رَأْسَهُ بِالْمِدْرَى فَقَالَ لَوْعَلِمْتُ اَنَّكَ تَنْظُرُ لَطَعَنْتُ بِهَا فِى عَيْنِكَ اِنَّمَا جُعِلَ الاِذْنُ مِنْ

قَبْلِ الاَبْصَارِ. رَوَاهُ الْبُخَارِىُّ وَ مُسْلِمٌ وَ التِّرْمِذِيُّ وَ النَّسَائِىُّ وَ اَحْمَدُ وَ الدَّارِمِيُّ

پەيغەمبىرىمىز چىچىنى ئايرىغۇچ بىلەن ئايرىۋاتقاندا بىر ئادەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇجرىسىنى مارىدى. پەيغەمبىرىمىز: «مەن سېنىڭ قاراۋاتقانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، ئايرىغۇچنى كۆزۈڭگە سانجىۋېتەتتىم. ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت سوراش پەقەت كۆرۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن» دېدى.

(سەھىھۇلبۇخارىي، سەھىھۇلمۇسلىم، جامىئۇتترمىزىي، سۈنەنۇننەسەئىي، مۇسنەدۇ ئەھمەد ۋە سۈنەنۇد دارىمىدىن)

عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كُنْتُ أُرَجِّلُ رَأْسَ رَسُوْلِ اللهِ ﷺ وَأَنَا حَائِضٌ. رَوَاهُ الْبُخَارِىُّ و النَّسَائِىُّ وَ اَبُوْ دَاوُدَ،

وَ ابْنُ وَ مَاجَةَ وَ اَحْمَدُ وَ مَالِكٌ و الدَّارِمِيُّ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن:

مەن ھەيزدار تۇرۇپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ چېچىنى تاراپ قوياتتىم. (سەھىھۇلبۇخارى، سۇنەنۇ ئەبى داۋۇد، سۇنەنۇن نەسەئىي، سۇنەنۇ ئىبنى ماجە، مۇسنەدۇ ئەھمەد، مۇۋەتتا مالىك ۋە سۇنەنۇد دارىمى دىن)

كَانَ يَضْرِبُ شَعَرُهُ مَنْكِبَيْهِ رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ وَ مُسْلِمٌ وَ النَّسَائِيُّ وَ أَحْمَدُ.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ چېچى مۈرىسىگە تېگىپ تۇراتتى. (سەھىھۇلبۇخارىي، سەھىھۇلمۇسلىم، سۇنەنۇننەسەئىي ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن)

...لَهُ شَعَرٌ يَبْلُغُ شَحْمَةَ اُذُنَيْهِ رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ وَ مُسْلِمٌ وَ النَّسَائِيُّ وَ اَبُو دَاوُدَ، وَ اَحْمَدُ

پەيغەمبىرىمىزنىڭ چېچى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا يېتەتتى. (سەھىھۇلبۇخارى، سەھىھۇل مۇسلىم، سۈنەنۇن نەسەئى ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەد تىن)

عَنْ أَنَسٍ قَالَ كَانَ شَعَرُ رَسُوْلِ اللهِ ﷺ لاَيُجَاوِزُ أُذُنَيْه رَوَاهُ اَحْمَدُ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبىرىمىزنىڭ چېچى قۇلىقىدىن ئېشىپ كەتمەيتتى. (مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن)

كَانَ شَعَرُ رسُوْلِ اللهِ ﷺ شَعْرًا رَجِلاً لَيْسَ بِالْجَعْد وَلاَ بِالسَّبْطِ بَيْنَ أُذُنَيْه وَعَاتِقِه. رَوَاهُ الْبُخَارِىُّ وَ مُسْلِم و التِّرْمذِىُّ وَ ابْنُ مَاجَةَ وَ اَحْمَدُ وَ مَالِكٌ

پەيغەمبىرىمىزنىڭ چېچى تاراپ قويغاندەك بولۇپ. چېچى يۇدرەمۇ ئەمەس.

قويۇپ بېرىلگەنمۇ ئەمەس بولۇپ.
قۇلىقى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارىسىدا ئىدى.
(سەھىھۇلبۇخارىي، سەھىھۇلمۇسلىم.
جامىئۇتتىرمىزىي، سۈنەنۇ ئىبنى ماجە مۇسنەدۇ
ئەھمەد ۋە مۇۋەتتا مالىكتىن)
(يۇقىرىقى ھەدىس شەرىفلەردىن
پەيغەمبىرىمىزنىڭ چېچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى
قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن مۈرىسى ئارىلىقىدا
ئىكەنلىكى، مۈرىسىدىن ئېشىپ
كەتمەيدىغانلىقى مەلۇم. چۈنكى، يەنە بىر
ھەدىس شەرىفتە:

قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ نِعْمَ الرَّجُلُ خُرَيْمُ الاَ سَدِيُّ
لَوْلاَ طُوْلُ جُمَّتِه رَوَاهُ اَبُو دَاوُدَ وَ أَحْمَد.

ساھابىلەر خۇرەيىم ئىسىملىك ساھابە توغرىلىق سۆزلىشىۋاتقاندا، پەيغەمبىرىمىز: «خۇرەيىم چېچىنى مۈرىسىدىن ئاشۇرىۋەتمىگەن بولسا، ئەجەپ ياخشى كىشى ئىدى — ھە!» دېگەن. (سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن).

عن عائشة قالت: كان رسول الله ﷺ يحب التَّيمُّنَ فِي سَأنِه كُلِّه مَا اسْتَطَاعَ فِي طُهُوْرِهِ وَ تَرَجُّلِه وَتَنَعُّلِه رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ وَ مُسْلِمُ وَ التِّرمِذيُّ وَ النَّسَائِيُّ وَ اَبُوْ دَاوُدَ وَ ابْنُ مَاجَة وَ اَحْمَد.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبىرىمىز تەھارەت ئېلىش، چاچ تاراش، ئاياغ كېيىش ۋە بارلىق ئىشلىرىدا كۈچىنىڭ

يىتىشىچە ئۇلۇغ تەرەپتىن باشلاشنى ياخشى كۆرەتتى. (سەھىھۇلبۇخارى، سەھىھۇل مۇسلىم، جامىئۇتتىرمىزىي، سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد، سۈنەنۇن نەسەئى، سۈنەنۇ ئىبنى ماجە ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەد تىن)

حَدَّثَنِي مُحَمَّدٌ قَالَ اَخْبَرَنِي مَخْلَدٌ قَال اَخْبَرَنِي اِبْنُ جُرَيْجٍ قَالَ اَخْبَرَنِي عُبَيْدُ اللهِ بْنِ حَفْصٍ اَنَّ عُمَرَ بْنِ نَافِعٍ اَخْبَرَهُ عَنْ نَافِعٍ مَوْلَى عُبَيْدِ اللهِ اَنَّهُ سَمِعَ اِبْنَ عُمَرَ يَقُوْلُ سَمِعْتُ رَسُوْلَ اللهِ ﷺ يَنْهَى عَنِ الْقَزَعِ. قَالَ عُبَيْد اللهِ قُلْتُ وَمَا الْقَزَعُ فَأَشَارَلَنَا عُبَيْدُ اللهِ قَالَ اِذَا حُلِقَ الصَّبِيُّ وَتُرِكَ هَهُنَا شَعَرَةً وَهَهُنَا وَهَهُنَا فَأَشَارَ لَنَا عُبَيْدُ اللهِ اِلَى نَاصِيَتِهِ وَجَانِبَيْ رَأْسِهِ. قِيْلَ

لِعُبَيْدِ اللهِ فَالْجَارِيَةُ وَالْغُلَامُ؟ قَـالَ لاَ اَدْرِى هَكَـذَا الصَّبِىُّ قَالَ عُبَيْدُ اللهِ وَعَاوَدْتُهُ فَقَالَ اَمَّـا الْقُصَّـةُ وَالْقِفَا لِلْغُلَامِ فَلاَ بَأْسَ بِهِمَا وَلكِنَّ الْقَزَعَ اَنْ يُتْـرَكَ بِنَاصِيَتِهِ شَعَرٌ وَلَيْسَ فِى رَأْسِهِ غَيْرُهُ وَكَذٰلِكَ شَـقُّ رَأْسِهِ هَذَا وَ هَذَا. رَوَاهُ الْبُخَارِىُّ.

ئىمام بۇخارى ① مۇنداق دېگەن: بۇ

---

① مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى مۇغىيرە ئىبنى بەردىزۇبە. بەردىزۇبە مەجۇسى ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن. ئوغلى مۇغىيرە بولسا، ئەبۇ ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر ئىبنى يەمانىلبۇخارى/ جۇئفى نىسك دەۋىتى بىلەن مۇسۇلمان بولغان. ئىمام بۇخارى ھىجرىيە 194- يىلى (مىلادىيە 810 - يىلى) شەۋۋال ئېيىنىڭ 13- كۈنى جۈمەدىن كېيىن بۇخارادا تۇغۇلغان. ئۇ يۈز مىڭ سەھىھ ھەدىسنى، ئىككى يۈز مىڭ غەيرى سەھىھ ھەدىسنى يادقا ئالغان.

ئۇ: صَحِيْحُ الْبُخَارِى، ا َدَبُ الْمُفْرَدْ، رَفْعُ الْيَدَيْنِ فِى الصَّلَوةْ. قِرَاءَةُ خَلْفَ الإِمَامِ، بِرُّالْوَالِدَيْنِ، التَّارِيْخُ الْكَبِيْرْ. الاَوْسَطْ. الصَّغِيْرْ، خَلق افْعَالِ الْعِبَادْ. كِتَابُ الضعفاء. الْجَامِعُ الْكَبِيْرُ. الْمُسْنَدُ الْكَبِيْرُ. كِتَابُ الاشربةَ. كِتَابُ الْهِبَةْ. اسامى الصَّحَابة. كِتَاب العلل. كِتَابُ الْوَحْدَان. كِتَاب الْمَبْسُوْطَ قاتارلىق كىتابلارنى يازغان، ھىجرىيە 256- يىلى (مىلادىيە 870 - يىلى) سەمەرقەندكە 12 كىلومېتىر كېلىدىغان خەرتەڭ دىگەن يېزىدا روزا ھېيت ھارپا ئاخشىمى ۋاپات بولۇپ، ئەتىسى پېشىن نامىزىدىن كېيىن يەرلىكىدە قويۇلغان.

② مۇھەممەد ئىبنى سالام، مەشھۇر تەبئۇت تابئىن

(تابىئىنلار بىلەن كۆرۈشكەن كىشى)، سەلما قەبىلىسىدىن، ھىمس شەھرىدە ياشىغان. ھىجرىيە 227- يىلى ۋاپات بولغان.

③ مەخلەد ئىبنى يەزىد، يېشى ئەڭ كىچىك تابىئىن (ساھابىلەر بىلەن كۆرۈشكەن كىشى). قۇرەيش قەبىلىسىدىن، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشىغان. ھىجرىيە 193- يىلى ۋاپات بولغان.

④ ئابدۇلئەزىز ئىبنى جۇرەيج، تابىئىن. ئۇمەييە قەبىلىسىدىن، مەرۋەرۇزدا ياشىغان. ھىجرىيە 150- يىلى ۋاپات بولغان.

⑤ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ھەفس ئىبنى ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، كىچىك تابىئىن، ئۆمەرىي قەبىلىسىدىن، مەدىنىدە ياشىغان. ھىجرىيە 147- يىلى ۋاپات بولغان.

⑥ ئۆمەر ئىبنى نافىئ، تابىئىن، ئەدۋى قەبىلىسىدىن، مەدىنىدە ياشىغان.

⑦ نافىئنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر قۇللۇقتىن ئازات قىلغان، مەشھۇر تابىئىن، مەدىنىدە ياشىغان. ھىجرىيە 117- يىلى ۋاپات بولغان.

⑧ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىبنى نۇفەيل، مەشھۇر ساھابە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولغان كىشى)، قۇرەيش قەبىلىسىدىن، مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 73- يىلى مەررۇزدا ۋاپات بولغان.

ھەدىستى ماڭا مۇھەممەد ② سۆزلەپ بەرگەن.
ئۇنىڭغا مەخلەد ③ بايان قىلىپ بەرگەن.
ئۇنىڭغا ئىبنى جۇرەيج ④ بايان قىلىپ
بەرگەن. ئۇنىڭغا ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ھەپس ⑤
بايان قىلىپ بەرگەن. ئۇنىڭغا ئۆمەر ئىبنى
نافىئ ⑥ بايان قىلىپ بەرگەن. ئۇنىڭغا نافىئ
⑦ئىبنى ئۆمەردىن ئاڭلىغانلىقىنى بايان قىلىپ
بەرگەن. ئىبنى ئۆمەر ⑧ مۇنداق دېگەن:

مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «كۆكۈلا قويۇشتىن چەكلىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم». ئۇبەيدۇللاھ ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «كۆكۈلا قويۇش» دېگەن نېمە؟ دېدى. ئۆمەر ئىبنى

نافىئ: بوۋاقنىڭ چېچى چۈشۈرۈلۈپ بۇ يەر، ئۇ يەر، بۇ يەرنىڭ چاچلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇشتۇر، دېدى. بۇ چاغدا ئۆبەيدۇللاھ ئۆزىنىڭ كۆكۈلىسىنى ۋە بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىنى كۆرسەتتى. بىرى ئۆبەيدۇللاھقا: قىز ئوغۇلغا ئورتاقمۇ؟ دېگەندە، ئۆبەيدۇللاھ: ئۇنداق دېگەنلىكىنى ئۇقمايمەن. ئۆمەر ئىبنى نافىئ: بوۋاق دېگەن، دېدى. ئۆبەيدۇللاھ مۇنداق دېدى: مەن ئۆمەر ئىبنى نافىئدىن قايتا سورىدىم. ئۇ: ئوغۇل بالىنىڭ چېكىسى ۋە گەردىنىنىڭ چېچىنى چۈشۈرسە بولىۋېرىدۇ. (چۈنكى، چېكە ۋەگەردەن چاچلىرى باشنىڭ

چېچى قاتارىدا ئەمەس) بىراق، «كۆكۈلا قويۇش» دېگەن. پېشانىسىنى ۋە بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىنى چۈشۈرمەي. باشنىڭ قالغان يېرىنى چۈشۈرۈشتۇر، دېدى.

(سەھىھۇلبۇخارىدىن)

كَانَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ فِي الْمَسْجِدِ فَدَخَلَ رَجُلٌ ثَائِرُ الرَّأْسِ وَاللحْيَةِ فَأَشَارَ اِلَيْهِ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ بِيَدِهِ اَنْ اخْرُجْ كَأَنَّهُ يَعْنِي اِصْلاَحَ شَعَرِ رَأْسِهِ وَلِحْيَتِهِ فَفَعَلَ الرَّجُلُ ثُمَّ رَجَعَ فَقَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ اَلَيْسَ هَذَا خَيْرًا مِنْ اَنْ يَأْتِيَ اَحَدُكُمْ ثَائِرُ الرَّأْسِ كَأَنَّهُ شَيْطَانٌ. رَوَاهُ مَالِكٌ.

پەيغەمبىرىمىز مەسجىدنىكى چاغدا چاچ ۋە ساقىلى قالايمىقان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇ كىشىگە چاچ ۋە ساقىلىڭنى تۈزەشتۈر. دېگەن مەنىدە قىلىپ قولى بىلەن چىق. دەپ ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئادەم پەيغەمبىرىمىز قىل دېگەندەك قىلىپ، بولۇپ قايتىپ كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىز. «مانا بۇ ھالىتىڭ چاچلىرى چۇۋۇق شەيتاندەك كەلگەندىن ياخشى ئەمەسمۇ؟»، دېدى.

(مۇۋەتتا مالىكتىن)

## 2. باش كىيىم

باش كىيىم توغرىسىدا مۇنداق ھەدىس شەرىف بار:

كَانَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ يَلْبِسُ تَحْتَهَا الْقَلَنْسُوَةَ.

وَكَانَ يَلْبِسُ الْقَلَنْسُوَةَ بِغَيْرِ عِمَامَةٍ وَ يَلْبِسُ الْعِمَامَةَ بِغَيْرِ قَلَنْسُوَةٍ. مِنْ زَادِ الْمَعَادِ وَ الْجَامِعِ الصَّغِيرِ لِلسُّيُوطِي وَ تَأْرِيْخِ دِمَشْقَ.

پەيغەمبىرىمىز سەللىنى باش كىيىم بىلەنمۇ، باش كىيىمنى سەللىنسىزمۇ، سەللىنى باش كىيىمسىزمۇ كىيەتتى. (زادۇلمەئاد. ئەلجامىئۇس سەغىر ەسسۇيۇتىي ۋە تارىخۇ دەمەشقتىن)

كَانَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ يَلْبِسُ قَلَنْسُوَةً بَيْضَاءَ رَوَاهُ الطَّبْرَانِيُّ بِسَنَدٍ حَسَنٍ (اَلْقَلَنْسُوَةُ: هِيَ غِطَاءٌ مُبَطَّنٌ يُسْتَرُبِهِ الرَّأْسُ) پەيغەمبىرىمىز بېشىغا ئاق رەڭلىك باش كىيىمى كىيگەن ئىدى. (اَلْقَلَنْسُوَةُ دېگەن ـــ رەختىن قىلىنغان ئەستەرلىك بىر خىل باش كىيىمى) (مۇئجەم مۇتتەبرانىيدىن)

بىراق. تۆۋەندىكى: وَكَانَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ

رُبَّمَا نَزَعَ قَلَنْسُوَتَهُ فَيَجْعَلُها سُتْرَةً بَيْنَ يَدَيْـــهِ. مِـــنَ الْجَامِعِ الصَّـــغِيْرِ لِلسُّـــيُوْطِيِّ وَكَنْـــزِ الْعُمَّـــالِ وَ تَأرِيْخِ دِمَشْقَ.

پەيغەمبىرىمىز بەزى ۋاقىتتا باش كىيىمىنى توسـۇق ئورنىـدا ئىشـلىتەتتى. (سـۇيۇتىنىڭ جامىئۇسسـەغىر، كـەنزۇلئۇممال ۋە تـەئرىخو دەمەشـقتىن) دېگـەن ھەدىسـكە قارىتـا مۇھەددىس ئىمام ئالبانى: بۇ. زەئىپ ھەدىس، دېگەن. (اَلسِّلْسِلَةُ الاَحَادِيْثُ الضَّعِيْفَةُ دىن)

## 3. چاچ بوياش

ئەرلـەرنىڭ چـاچ بويىشـى توغرىسـىدا تۆۋەندىكىدەك ھەدىس شەرىڧ بار:

عَنْ اَبِى هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رسول الله ﷺ اِنَّ الْيَهُوْدَ وَالنَّصَارَى لاَ تَصْبُغُ فَخَا لِفُوْا عَلَيْهِمْ فَاصْـبُغُوا رَوَاهُ الْبُخَـارِيُّ وَ مُسْـلِمُ وَ التِّرْمِذِيُّ وَ اَبُوْ دَاوُدَ وَ النَّسَائِيُّ وَ اِبْنُ مَاجَةَ وَاَحْمَدُ.

ئـەبۇ ھۇرەيــرە رەزىيــەللاھۇ ئــەنھۇ مۇنــداق دەيدۇ: پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: شـەك ـ شۈبھىسىزكى يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلار چاچ ساقىلىنى بويىمايدۇ. سىلەر ئۇلارنىڭ ئەكسىنى قىلىــــــپ بويىـــــاڭلار. (ســـــەھىھۇلبۇخارىي، سەھىھۇلمۇسلىم، جامىئۇت تىرمىزىي، سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد، سۈنەنۇن نەسئىي ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن)

عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَبْدِاللهِ قَالَ دَخَلْتُ عَلَى اُم سَلَمَةَ فَأَخْرَجَتْ اِلَيْنَا شَعَرا مِنْ شَعَرِ النبِى ﷺ فَـإِذا هُـوَ مَخْضُوْبُ بِالْحِنَاءِ والْكَتَم رواه الْبُخارِيُّ وَ بْنُ مَاجَةَ وَ اَحْمَدُ.

ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنــداق دېگــەن: ئۇممــە ســەلەمە رەزىيــەللاھۇ ئــەنھانىڭ ئۆيىگــە كىرســەك ئــۇ پــەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ چېچىنى بىزگە كۆرسەتتى. قارىساق، ئۇ خېنە ۋە كەتەم بىلەن بويالغان ئىكەن. (سەھىھۇلبۇخارىي. سۈنەنۇ ئىبنى ماجە ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن)

يەنە بىر ھەدىستە: قَالَ النَّبِيُّ ﷺ انَّ اَحْسَنَ مَاغَيَّرْتُمْ بِه الشَّيْبُ اَلْحِنَاءُ وَالْكَتَمُ رَوَاهُ التِّرمِذِيُّ وَ النَّسَائِيُّ وَ اَبُوْ دَاوُدَ وَ ابْنُ مَاجَةَ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: قېرىلىقنى ئۆزگەرتىدىغان ئەڭ ياخشى نەرسە خېنە ۋە كەتەمدۇر. (سۈنەنۇن نەسەئى، جامىئۇت تىرمىزىي، سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد، سۈنەنۇ ئىبنى ماجە دىن)

عَنْ اَنَسٍ رَضِيَ اللّٰه عَنْهُ، اَنَّ اَبَابَكْرٍ رَضِيَ اللّٰه عَنْهُ اِخْتَضَبَ بِالحِنَاءِ وَالْكَتَمِ رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ وَ مُسْلِمٌ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:
ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساقىلىنى خېنە ۋە كەتەم بىلەن بويىغانتى. (سەھىھۇلبۇخارى، سەھىھۇلمۇسلىمدىن)

عَنْ اِبنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ: مَرَّ عَلَى النَّبِيِّ ﷺ رَجُلٌ قَدْ خَضَبَ بِالْحِنَاءِ. فَقَالَ: مَا اَحْسَنَ هَذَا؟ فَمَرَّ اخَرُ قَدْ خُضِبَ بِالْحِنَاءِ وَ الْكَتَمِ. فَقَالَ: هَذَا اَحْسَنُ مِنْ هَذَا. فَمَرَّ اخَرُ قَدْ خُضِبَ بِالصُّفْرَةِ، فَقَالَ: هَذَا اَحْسَنُ مِنْ هَذِه كُلِّه رَوَاه اَبُوْ دَاوُدَ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: چاچ - ساقىلىنى خېنە بىلەن بويىغان بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: نېمىدېگەن چىرايلىق ھە! دېدى. چاچ - ساقىلىنى خېنە ۋە كەتەم بىلەن

بويىغان يەنە بىر ئادەم ئۆتتۈپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ ئالدىنقىسىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن، دېدى. ئاندىن ساقىلىنى سېرىق بويىۋالغان بىر ئادەم ئۆتتۈپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ ھەممىدىن چىرايلىق ئىكەن، دېدى. (سۇنەنۇ ئەبى داۋۇد تىن)

ئەگەر سەھىھ ھەدىستە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (چاچ - ساقىلىنى) بويىمىغان دېگەن ھەدىس يۇقىرىدىكى ھەدىس بىلەن قارىمۇ قارشى ئەمەسمۇ؟ دېيىلسە، جاۋاب شۇكى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا بىر قانچە ساھابە ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (چاچ - ساقىلىنى) بويىغانلىقىنى كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشكەن. ھەمدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر

قانچە ھەدىس شەرىفتە چاچ بوياشقا بۇيرۇلغانلىقى. ئۇنى ماختىغانلىقى بايان قىلىنغان.

عَنْ جَابِرٍ قَالَ: اُتِيَ بِابِي قُحَافَةَ يَوْمَ فَتْحِ مَكَّةَ وَرَأْسَهُ وَلِحْيَتُهُ كَالثَّغَامَةِ بَيَاضًا فَقَالَ رَسُوْلُ اللّٰهِ ﷺ غَيِّرُوا هَذَا بِشَيْءٍ وَاجْتَنِبُوا السَّوَادَ رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ وَ النَّسَائِيُّ وَ اَبُو دَاوُدَ وَ ابْنُ مَاجَةَ وَ اَحْمَدُ.

ئەبۇ قۇھافەنىڭ چاچ - ساقىلى ئۇچتەك ئاقارغان ھالدا كېلىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ قېرىنى ئۆزگەرتىپ قويۇڭلار، قارا بوياشتىن ھەزەر قىلىڭلار. دېدى. (سەھىھۇلبۇخارىي، سۇنەنۇننەسەئى، سۇنەنۇئەبى داۋۇد، سۇنەنۇئىبنى ماجە ۋە مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن).

كەتەم چاچنى قارايتىدۇ دېيىلسە، بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق:

قارا بوياشتىن چەكلەش پەقەت تۇم قارا بولۇشتىن چەكلىگەن. ئەگەر ئۇنىڭغا خىنە ياكى شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ بويىسا كېرەك يوق. كەتەم بىلەن خىنە بىرلەشتۈرۈلسە، چاچنى قارا بىلەن قىزىل ئارىسىدا قىلىدۇ. كۆمۈردەك تۇم قارا قىلمايدۇ.

### 6. بوۋاقنىڭ خەتنىسىنى قىلىش

بىر قىسىم ئالىملار بوۋاقنىڭ خەتنىسىنى بالاغەتكە يەتكەندە قىلسا بولىدۇ، دەپ قاراشتى. مۇنداق بولغاندا، خەتنىسى قىلىنىپ ساقىيىپلا ئۇزىنىڭ چوڭلار قاتارىغا قوشۇلۇپ، ئۇلار بىلەن ئوخشاش شەرئىي ھۆكۈملەرنى ئادا قىلىشقا باشلايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ.

عَنْ سَعِيْدِ بْنِ جُبَيْرٍ قَالَ: سُئِلَ ابْنُ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا مِثْلَ مَنْ أَنْتَ حِيْنَ قُبِضَ النَّبِيُّ ﷺ؟ قَالَ:

أَنَا يَوْمَئِذٍ مُخْتُوْنٌ قَالَ: وَ كَانُوا لاَيَخْتِنُوْنَ الـرَّجُلَ حَتّٰى يُدْرِكَ رَوَاه الْبُخَارِيُّ

سەئىد ئىبنى جۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببا ستىن: پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندا سەن قانچە ياشتا ئىدىڭ؟ دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببىاس: مەن شۇ كۈنلەردە خەتنە قىلىنىپ بولغان، دەپ بولۇپ مۇنداق دېگەن: ساھابىلار (پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدە) ئوغۇلنى بالاغەتكە يەتكەندىلا خەتنە قىلاتتى. (سەھىھۇلبۇخارىيدىن).

يەنە بىر قىسىم ئالىملار: بوۋاقنىڭ خەتنىسى تۇغۇلغان ھەپتە ئىچىدە بولغىنى ياخشى. بۇنداق بولغاندا، بوۋاق ئۆسۈپ

يېتىلىپ، ئەقلىنى تاپقاندا، ئۆزىنىڭ خەتنە قىلىنىپ بولغانلىقىنى، خەتنە قىلىنىش ئازابى تارتمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتىپ ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن ئازادە ھېس قىلىدۇ.

خەتنىسىنى بالدۇر قىلغاندا بوۋاقنىڭ كىچىدە سىيىپ قويۇش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە بوۋاقنىڭ تازىلىقى بالدۇر ياخشىلىنىپ ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، دېيىشتى.

بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس شەرىف بار:

عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ اَنَّهُ قَالَ: عَقَّ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ عَنِ الْحَسَنِ وَالْحُسَيْنِ وَ خَتَنَهُمَا لِسَبْعَةِ اَيَّامٍ.

رَوَاه الْبَيْهَقِيُّ وَالطِّبْرَانِيُّ

. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دىگەن:
پەيغەمبىرىمىز: 7- كۈنى ھەسەن ۋە ھۈسەيىننىڭ ئەقىقىسىنى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ خەتنىسىنى قىلدى. (سۈنەنۇلبەيھەقى ۋە تىبرانىنىڭ ئەلئەۋسەتۇدىن)

قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ اَرْبَعٌ مِنْ سُنَنِ الْمُرْسَلِيْنَ: اَلْخِتَانُ وَالتَّعَطُّرُ، وَالسِّوَاكُ، وَالنِّكَاحُ رَوَاه الترمذى و أحمد

پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دىدى: پەيغەمبەرلەرنىڭ 4 سۈننىتى بار. ئۇلار: خەتنە قىلىش، ئەتىر ئىشلىتىش، مىسۋاك ئىشلىتىش، تويى قىلىش. (جامىئۇتتىرمىزى، مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن)

قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ لَوْلاَ اَنْ اَشُقَّ عَلَى اُمَّتِى اَوْ

عَلَى النَّاسِ لاَ مَرْتُهُمْ بالسِوَاكِ مَعَ كُلِّ صَلَوة. رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ وَ مُسْلِمٌ وَ التِّرمِذِيُّ و النَّسَائِيُّ وَ اَبُوْ دَاوُدَ وَ ابْنُ مَاجَةَ وَ اَحْمَدُ وَ مَالِكٌ وَ الدَّارِمِيُّ.

پەيغەمبىرىمىز: «ئۈممىتىمگە (كىشىلەرگە) ئېغىرچىلىق تۇغدۇرۇپ قويماي دېمىسەم، ئۇلارنى ھەربىر نامازدا مىسۋاك ئىشلىتىش (چىشىنى پاكىزلاش)قا بۇيرۇيتتىم»، دېگەن. (سەھىھۇلبۇخارىي، سەھىھۇلمۇسلىم، جامىئۇتتىرمىزىي، سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد، سۈنەنۇننەسەئىي، سۈنەنۇ ئىبنى ماجە. مۇسنەدۇ ئەھمەد، مۇۋەتتا مالىك ۋە سۈنەنىددارىمىيدىن)

ئىسىم قويغاندا مەزكۇر كىتابتىكى قوشما ئىسىملارنىڭ ئالدىدىكى «ئابدۇ» سۆزىنى

چۈشـــۈرۈپ قويماســـلىق كېـــرەك. چۈنكـــى، پـــەيغەمبىرىمىز سـا ـ مەد، ئـــەزىز قاتـــارلىق ئىســـىملارنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرىغـان. (سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد تىن)

**ئەسكەرتىش:**

يۇقىرىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاسان ئوقۇۋېلىشى ئۈچـــۈن ئەرەبچـــە جۈملىلـــەرنىڭ ئۇيغۇرچـــە ئوقۇلۇشـــى قوشـــۇپ قويۇلـــدى. ئامـــال بـــار ئەرەبچىسىنى توغـرا تەلەپپۇز قىلىش ئۈچـۈن «ئـــەرەب يېـــزىقىنى ئۆلچـــەملىك ئوقـــۇش قائىدىســـى ـ تـــەجۋىد» قاتـــارلىق كىتـــابلارنى ياخشى ئوقۇش كېرەك. چۈنكى، بىرەر ھەرپنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ ئۆزگىرىشـى بىلـەن بىـر پۈتۈن مەنە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن، «أَلْفَاتِحَةُ» سۈرىسىدە تۆۋەندىكىدەك خاتالىقلار كېلىپ چىقىدۇ.

1. ئەگەر «أَلْحَمْدُ» سۆزىنى ئەسلى تەلەپپۇزى بويىچە ئوقۇغاندا «بارلىق ماختاشلار» دېگەن بولىدۇ. ئەمما «ھـ» بىلەن ئوقۇپ «أَلْهَمْدُ» دەپ ئوقۇغاندا «ئوت قىززىقلىقىنىڭ پەسىيىشى» دېگەن خاتا مەنە چىقىدۇ.

2. «رَبِّ الْعٰلَمِيْنَ» دېگەن سۆزىنى ئەسلى تەلەپپۇزى بويىچە ئوقۇغاندا «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى» دېگەن بولىدۇ. ئەمما، «ء» بىلەن «رَبِّ الْئٰلَمِيْنَ» دەپ ئوقۇغاندا «ئازاب چەككۈچىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى» دېگەن خاتا مەنە چىقىدۇ.

3. «أَلـــرَّحِيْمِ» دېگـەن سـۆزنى ئەسـلى تەلەپپـۇزى بويـىچـە ئوقۇغـاندا «كۆيۈمچـان» دېگەن بولىدۇ.

«هـــ» بىلەن «أَلـرَّهِيْمِ» دەپ ئوقۇغـاندا «سـىم ـ سـىم يـامغۇر» دېگـەن خاتـا مەنـە چىقىدۇ.

4- «نَعْبُدُ» دېگـەن سۆز ئەسـلى تەلەپپۇزى بويىچە ئوقۇغـاندا «ئـابدەت قىلىمىز» دېگـەن بولىدۇ. هـەمزە بىلـەن «نَـأْبُدُ» دەپ ئوقۇغـاندا «ئورنىمىزدا مەڭگۈ تۇرىمىز» دېگەن خاتـا مەنـە چىقىدۇ.

5. «وَلاَالضَّـــآلِّيْنَ» دېگـەن سـۆز ئەسـلى تەلەپپۇزى بويىچە ئوقۇغـاندا «بىـزنى ئـازغۇنلار

قاتارىدىن قىلمىغىن» دېگەن بولىدۇ.

«د» بىلەن «وَلاَالدُّآلِّيْنَ» دەپ ئوقۇغاندا «بىزنى يول كۆرسەتكۈچىلەردىن قىلمىغىن» دېگەن خاتا مەنە چىقىدۇ.

«ظ» بىلەن «وَلاَالظّآلِّيْنَ» دەپ ئوقۇغاندا، «سايىدا تۇرغۇچىلار قاتارىدىن قىلمىغىن» دېگەن خاتا مەنە چىقىدۇ.

## پايدىلانغان مەنبە كىتابلار

1. «مُسْنَدُ أَبِيْ حَنِيْفَةَ» مۇئەللىپى ئەبۇ ھەنىفە/نۇئمان ئىبنى سابىت. كۇفەلىك (ھ 80-150، 699-767).

2. «مُوطَّأُ مَالِكْ» مۇئەللىپى مالىك ئىبنى ئەنەس/ئەسبەھى، مەدىنىلىك (ھ 93-179، م 712-795).

3. «مُسْنَدُ الشَّافِعِي» مۇئەللىپى مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس/ شافىي، گازالىق (ھ 150-204، م 767-820).

4. «مُسْنَدُ أَحْمَدَ» مۇئەللىپى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، باغدادلىق (ھ 164-241، 780-855).

5. «سُنَنُ الدَّارِمِيّ» مۇئەللىپى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇراھمان، سەمەرقەندلىك (ھ 181 - 255، م 792-869).

6. «صَحِيْحُ الْبُخَارِيّ» مۇئەللىپى مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل/ جۇئفى، بۇخارالىق (ھ 194 – 256، م 810-870).

7. «سُنَنُ أَبِى دَاوُوْدَ» مۇئەللىپى سۇلايمان ئىبنى ئەشئەس، سجىستانلىق (ھ 202-275، م 816 – 889).

8. «صَحِيْحُ مُسْلِمٍ» مۇئەللىپى مۇسلىم ئىبنى ھەججاج/ قۇشەيرى، نىسابۇر – خۇراسانلىق (ھ 204 – 261، م 818 – 875).

9. «سُنَنُ ابْنِ مَاجَةَ» مۇئەللىپى مۇھەممەد ئىبنى يەزىد/ رەبەئى، كاسفىلىق (ھ 207-273، م 821-887).

10. «جَامِعُ التِّرْمِذِىِّ» مۇئەللىپى ئەبۇ ئىسا مۇھەممەد ئىبنى ئىسا/ تىرمىزى، خۇراسانلىق (ھ 209-279، م 824-892).

11. «مُسْنَدُ أَبِى يَعْلَى» مۇئەللىپى ئەبۇ يەئلا ئەھمەد ئىبنى ئەلى (ش 210-307؟).

12. «سُنَنُ النَّسَائِيِّ» مۇئەللىپى ئەھمەد ئىبنى ئەلى، خۇراسانلىق (ھ 215-303، 827-915).

13. «ألأَوْسَطُ» مۇئەللىپى سۇلايمان ئىبنى ئەھمەد/ تىبرانى، شاملىق (ھ 260-360 م ؟)

14. «سُنَنُ الدَّارِقُطْنِيِّ» مۇئەللىپى ئەلى ئىبنى ئۆمەر، باغدادلىق (ھ 306-385، م 918-995).

15. «ألْمُسْتَدْرَكُ» مۇئەللىپى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ، نىسابور _ خۇراسانلىق (ھ 321-405، م ؟).

16· «صَحِيْحُ ابْنِ خُزَيْمَةَ» مۇئەللىپى مۇھەممەد ئىبنى ئىسهاق ئىبنى خۇزەيمە، نىسابور ـ خۇراسانلىق (ھ 223-311، م ؟).

17· «شُعَبُ الإِيْمَانِ»

18· «صَحِيْحُ ابْنِ حِبَّانَ» مۇئەللىپى مۇھەممەد ئىبنى ھىببان، سەمەرقەندلىك (ھ ؟354؟).

## پايدىلانغان كىتابلار

1· «زَادُ الْمَعَاد فِى هَدْيِ خَيْر الْعِبَاد» مۇئەللىپى مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكر ئىبنى قەييىم جەۋزى (ھ 691-751، 1291-1292، 1350-1351)

1. «تَرْبِيَةُ الأَوْلاَدِ فِـي الإِسْـلاَمِ» مۇئەللىپى ئـابدۇللا ناسـىھ ئۇلـۋان. مىسـىر دارۇسسـالام نەشرىياتى 1981 – يىلى 1- ئاينىڭ 21- كۈنى ئۈچىنچى بېسىلىشى.

2. «أَلأَسْمَاءُ الْحُسْنَى» مۇئەللىپى ئەمىن سالىھ كـۇردى، سـەئۇدى ئەرەبىسـتان، ئـائىف شـەھىرى ئوفسىت ئائىلە مەتبەئەسى 1989- يىل نەشرى.

3. «ئـەرەب يېـزىقىنى ئۈلچـەملىك ئوقـۇش قائىدىسى ـ تـەجۋىد» مۇئەللىپى ئابدۇلئەھەد ئەمىر قۇتلۇق. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004- يىل 10- ئاي 2- نەشرى.

## ئۈرۈمچى «قۇتلۇق» كىتابخانىسىنىڭ

## نەشردىن چىققان كىتابلىرى

📖 ئەرەب يېزىقىنى ئۆلچەملىك ئوقۇش قائىدىسى — تەجۋىد.

ئىككى بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلۈمدە «قائىدە - بەغدادىيە»نىڭ ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈلىشى يەنى ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى، زەبەر، زىر، پىچ، ساكىن، تەشدىد قاتارلىقلار؛ ئىككىنچى بۆلۈمدە تەجۋىد («قۇرئان كەرىم» نى ئۆلچەملىك ئوقۇش قائىدىسى)نىڭ قائىدىلىرىدىن: ھەرپلەرنىڭ 17 مەخرىجى (تەلەپپۇز ئورنى)، اِظْهَارْ (ئىزھار)، اِدْغَامْ (ئىدغام)، مَدٌّ (مەد)، غُنَّةٌ

(غۇنچە) قاتارلىقلار ۋە بىر قىسىم سۈرىلەر (ئۇنىئالغۇ لېنتىسى بىلەن) تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن.

📖 ئەرەب تىلى دەرسلىكى (1) (دُرُوْسُ اللُّغَة اللُّغَة الْعَرَبِيَّة لِغَيْرِ النَّاطِقِيْنَ بِهَا)

دوكتور ف. ئابدۇرەھىم تۈزگەن بۇ كىتاب مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپ — ئەلجامىئەتۇلئىسلامىيە (ISLAMIC UNIVERSITY) نىڭ دەرسلىكى بولۇپ، بۇ بىرىنچى كىتاب ئۈچ قىسىم، سەكسەن يەتتە دەرسكە بۆلۈنگەن. بۇنىڭدا ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى، رەسىمگە قاراپ خەت تونۇش، ئوقۇش — يېزىش مەشىقى، سۆزلىشىش، جۈملە تۈزۈش مەشىقى، گراماتىكا ۋە تېكىست قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ ئارقىلىق تېزلىكتە سۆزلىشىش ۋە

ئەسەر تەرجىمە قىلىش سەۋىيىسىگە يېتەلەيسىز (قالغان قىسىملىرى پات ئارىدا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى).

📖 ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە — مارجانلار بۇ، سەھىھۇلبۇخارىي ۋە سەھىھۇلمۇسلىم ناملىق مەشھۇر ئىككى ھەدىس كىتابىدىن ئېلىنغان، ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئەڭ ئىشەنچىلىك بولغان 1900 غا يېقىن ھەدىس شەرىف كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان دىنىي مەسىلىلەردە سىزگە ئەڭ ياخشى يېتەكچى بولالايدۇ.

📖 ئەدەپ ئاچقۇچى (مىفتاھۇل ئەدەب)

بۇ، 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان مەشھۇر دىنىي ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئىبنى ئابدۇلۋارىس كاشغەرىي تۈزگەن بىلىم –

ھېكىمەت، مەدھىيە، باتۇرلۇق، مەرسىيە قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان كىتاب بولۇپ، بۇنىڭغا ئوبزورچى يالقۇن روزى يازغان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەرجىمىھالى قوشۇپ نەشر قىلىنغان.

📖 مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق يولى — سىياسەتنامە،

بۇ، 11- ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر تارىخچى، سىياسىيون، تۈرك سەلجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك يازغان كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا مەشھۇر ئىسلام ھۆكۈمدارلىرىنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى، ئادەم تاللاش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ھەمدە مەشھۇر ئىسلام ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تارىخى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

📖 ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى، پىنيىنى بار خەنزۇچە سۆزلىشىش

بۇ، خەنزۇچە خەتنىڭ ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى، پىنيىنى بار كىتاب بولۇپ، بۇنىڭدا 30 نەچچە بابلىق ھەرخىل مۇھىتتا خەنزۇچە سۆزلىشىش ئۇسۇللىرى، دۇنيادىكى 200 دەك دۆلەت، پايتەخت، پۇل ناملىرى، جۇڭگونىڭ ئۆلكە ــ شەھەر ناملىرى، شىنجاڭنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، يېزا ناملىرىنىڭ خەنزۇچە ــ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان بولۇپ، خەنزۇچە سۆزلەشنى تېزلىكتە ئۆگىنىشتىكى ياخشى قورال ھېسابلىنىدۇ.

📖 ئەرەب تىلى گراممانىكىسى (ئۈچ قىسىملىق)

بۇ، ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان كىتاب

بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا دروس الصرف (ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە)، شرح معزى، تركيب عوامل (ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە) حركات (ئەرەبچە -ئۇيغۇرچە) الفرائد اللؤلوئية فى قواعد النحوية (ئەرەبچە -ئۇيغۇرچە، سوئال - جاۋابلىق)؛ ئىككىنچى قىسىمدا هداية النحو(ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە)؛ ئۈچىنچى قىسىمدا جَامِعُ الْدُرُوْسِ الْعَرَبِيَةْ (ئەرەبچە — ئۇيغۇرچە ئۈچ كىتاب) قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تۈزۈلگەن.

مەزكۇر كىتابلارنىڭ نەشر ھوقۇقى بىزدە، ئوغرىلىقچە بېسىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇ كىشىنىڭ ھەققىنى ئوغرىلىۋېلىش ھېسابلىنىدۇ. ھەدىس شەرىفتە:

قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ مَنْ اقْتَطَعَ مَالَ امْرِئٍ مُسْلِمٍ بِغَيْرِ حَقٍ لَقِيَ اللهَ وَ هُوَ عَلَيْهِ غَضْبَانُ رَوَاه أَحْمَدُ.

پەيغەمبىرىمىز: «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنى يولسىز رەۋىشتە ئېلىۋالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە غەزەپ قىلغان ھالدا رۇبىرۇ بولىدۇ». دېگەن. (مۇسنەدۇ ئەھمەدتىن)

ئالاقىلاشقۇچى: ئابدۇلئەھەد ئەمىر قۇتلۇق
تېلېفون: 13999249197، 2877704 (0091)

E-mail:2877704@maktoob.com

مەسئۇل مۇھەررىر: قادىر قاۋۇز
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: يۈسۈپجان داۋۇت

# 99 ئىسمنىڭ ئىزاھاتى

(ئابدۇ بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملارنىڭ ئىزاھاتى)

**تۈزگۈچى: ئابدۇلئەھەد ئەمىر قۇتلۇق**

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
*
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلىدۇ
قەلبداشلار كومپيۇتېر مۇلازىمەت مەركىزىدە تىزىلدى
ئۈرۈمچى ئىشچىلار باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر، 1/64
باسما تاۋىقى: 3.125، قىستۇرما ۋارىقى: 2
2002 - يىلى 10 - ئاي 1- نەشرى
2004 - يىلى 10- ئاي 2- بېسىلىشى
تىراژى: 7500 - 1
ISBN 7– 228 – 07639 – 7/H.577
باھاسى: 12.00 يۈەن